إنما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.

# ئۆلىمالار

# olimalar




2024-يىللىق 1-سان، ئومۇمىي 9-سان

— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

ئۆلىمالار
olimalar

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مۇندەرىجە

ئېتىقاد ۋە بىزنىڭ ئېتىقادىمىز.........
د. ئالىمجان بۇغدا.......... (1)

ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت كىملەر؟ .........
ئابدۇلئەھەد ھاپىز .......... (16)

ئەھلى سۈننەت .........
ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ .......... (28)

سۈننەتنىڭ دىندىكى ئورنى .........
دوكتور ئابدۇلئەزىز ئارتۇشىي.......... (36)

كىمگە ئىتائەت قىلىمىز؟ .........
تاھىرجان ئابباس .......... (60)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى.........
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى.......... (72)

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككى ئۇقۇم: ھەدىس ۋە سۈننەت.........
ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان.......... (82)

بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شېھىت بولغانلىقىنىڭ 100
يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.......,,,,............. ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ (127)

ئاقسۇ رەستە جامەسى.......... (135)

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى بىر
قىسىم پائالىيەتلىرى.......... (138)

2024-يىللىق
1-سان
(ئومۇمىي 9-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور ئالىمجان بۇغدا

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۇجات
تاھىرجان ئابباس

مۇقاۋە ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېدىيا
www.istiqlalmedia.com

0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak No: 27 Daire:5
Küçükçekmece/İstanbul
www.olimalar.org olemalarjournili@gmail.com

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىز 5-يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا تەھرىر ھەيئىتىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ۋە ھۆرمەتلىك ئاپتورلارنىڭ تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا قىممەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ژۇرنىلىمىز كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

خۇددى بىز تۇنجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزگە توغرا دىنىي مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

مەزكۇر ژۇرنال ھەرقايسى ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزگە ئېيتماقچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى، ئورتاقلاشماقچى بولغان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ئەركىن سەھنە بولۇپ، ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداش! سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ساپاسىنى كۆتۈرۈش ھەققىدە پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىپ، بىزنى يېقىندىن قوللاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسى ھەققىدىكى يازمىلارغا خاس قىلدۇق.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۆلىمالار ژۇرنىلى» تەھرىراتى



# ئېتىقاد ۋە بىزنىڭ ئېتىقادىمىز

دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى

**ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر،**
**ئەگەر مىڭ يىل «ئەمەل» دەپ قىلسا يەلدۇر.**

سۇپى ئاللاھيار

بارلىق كائىنات ۋە مەۋجۇداتنى ياراتقان، مەخلۇقاتلار ئىچىدىن ئىنساننى ئەقىل ۋە ئىدراك بىلەن شەرەپلىك قىلغان، بىز ئاجىز بەندىلىرىنى ئىمان نۇرى بىلەن رىزىقلاندۇرغان جانابىي ئاللاھ تائالاغا تۈمەن مىڭ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ئىنسانىيەتنى جاھالەت زۇلمىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان نۇرى ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىقىرىشقا سەۋەبچى بولغان، كائىناتنىڭ پەخرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن!

ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەرقانداق ئىنسان ئۆزىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان كائىنات، ئىچىدىكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلارنى، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ھادىسىلەرنى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلغىنىدا، بۇلارنىڭ قۇسۇرسىز بىر نىزام ۋە سىستېما ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ، كائىنات ۋە دۇنيا ھاياتىنىڭ غايىسىز، مەنىسىز ۋە پايدىسىز يارىتىلمىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ساغلام فىترىتى (تۇغۇلۇشتىكى ھالىتى) ئاساسىدا ئەقلىنى ۋە زېھنىنى تاشقى قوشۇمچىلاردىن خالىي قىلغان ھالدا تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، بۇ قەدەر مۇئەززەم بىر سىستېما، كائىنات ۋە ئىچىدىكى ھېچبىر شەيئىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تاسادىپىيلىق بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىپ قالمىغانلىقىنى، ئىنساندىن ئىبارەت بەشەرنىڭ بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇنىڭ ماھىيىتىگە تولۇق ۋاقىپ بولۇشىنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇنى قۇسۇرسىز قۇدرەت ۋە ئىلىم ساھىبى يېگانە زاتى ۋاجىبۇل ۋۇجۇد ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

ئىنسان ئەقلى تارىختىن بېرى



تەبىئەتنى، ئالەمنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە كەلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇم ئىزاھات ۋە نەتىجىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئاخىرقى نەتىجىدە ئەقىل ۋە ئىدراكىمىز بۇ ئالەمنىڭ ئۆزلۈكىدىن تاسادىپىلىق بىلەن مەيدانغا چىقىپ قالمىغانلىقى ۋە چوقۇم مۇتلەق كۈچ ۋە قۇدرەت ساھىبى بىر زات تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

چۈنكى ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن كۆپلىگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئىنساننىڭ زېھنى، قەلبى ۋە پاك تەبىئىتى ئىمان ھەقىقەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان قەلبىنىڭ نۇرانىي چوڭقۇرلۇقىدا ھەقىقەت تۇيغۇسى، ئەقىدە ئېھتىياجى، ياراتقۇچىنى بىلىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا يۆنىلىش ۋە ئۇنىڭغا قايتىش ئارزۇسى بار. ساغلام ئەقىل - ئىدراكىمىز ئاسمان – زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى يوقتىن بار قىلغان ياراتقۇچىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، ئۇ زات ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ھەقىقىي مەنىدە ئۇ زاتى ۋاجىبۇل ۋۇجۇد بولغان يېگانە ياراتقۇچىنى تولۇق چۈشىنىشكە ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئىنسان كۆپىنچە يالغۇز ئۆز ئەقلى بىلەن ئۇ زاتنى ئويلاپ تەپەككۇر

قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، نەتىجىدە ياراتقۇچىنىڭ زاتى ھەققىدە توغرا بىر مەلۇماتقا ئىگە بولالمايدۇ، ئۇ زات ھەققىدە بىر قىسىم خىيال ۋە شۇبھىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كامىل ئىمانغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىدۇ. تارىختىكى ۋە كۈنىمىزدىكى بۇتپەرەسلىك، ئازغۇنلۇق ۋە باتىل دىنلارنىڭ مەنبەسى مۇشۇنىڭدىن ئوتتۇرىغا چىققان.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە ئىدراكى بىلەن كائىناتنىڭ، ئالەمنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، قوبۇل قىلغان ۋە ئىشەنگەن بولسىمۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ ياراتقۇچىنىڭ ئىسمى، زاتى، سۈپەتلىرى، بىزلەرنى نېمىشقا ياراتقانلىقى، بىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، نېمىدىن رازى بولۇپ، نېمىدىن رازى بولمايدىغانلىقى، ئۇ زات رازى بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ ۋە ئۇ زات رازى بولمايدىغان يامان ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى، دۇنيا ھاياتى، ئۆلۈم ۋە ئىنساننىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتى... قاتارلىق سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى تاپالمايدۇ.

جانابىي ئاللاھ ئىنساننى ئاپىرىدە قىلغان ۋاقىتتا تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئىسمى، سۈپەتلىرى، ئىنساننى يارىتىشتىكى غايىسى ۋە ئۆزى رازى بولىدىغان ۋە رازى بولمايدىغان ئىشلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. «ئەلمىساق»تا ھەزرىتى ئادەمدىن باشقا ھېچبىر ئىنسان نەسلى بولمىغان بىر ۋاقىتتا، جانابىي ئاللاھ ھەزرىتى ئادەمنىڭ قىيامەتكىچە ئاپىرىدە بولىدىغان پۇشتىنى (نەسلىنى) ھەزرىتى ئادەمگە كۆرسىتىپ ئۇلاردىن: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دەپ سوئال سورىغاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەركىن ۋە ھۆر ئىرادىسى بىلەن: «قالۇ بەلا (سەن ئەلۋەتتە بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزسەن)» دەپ ئۆز ئېغىزىدىن ئىقرار قىلغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىنساننىڭ ساغلام ۋە پاك تەبىئىتىدىكى ئەقىل ۋە ئىدراكىدا بىر ياراتقۇچى زاتنى ئېتىراپ ۋە قوبۇل قىلىش مايىللىقى بولىدۇ. ئىسلام دىنىدا بۇنى «فىترەت» ۋە ئىسلام دىنىنىمۇ بەزىدە «فىترەت دىنى» دەپ ئاتايمىز.

جانابىي ئاللاھ تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەمنى پەيغەمبەر قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پۇشتىغا ئىنسان ئەقلى ئويلاپ يېتەلمەيدىغان ياراتقۇچىنىڭ ئىسمى، زاتى، سۈپەتلىرىنى، ئۇ زاتقا قانداق ئىبادەت قىلىش ۋە قانداق ئالاقە قۇرۇشنىڭ يول - ئۇسۇللىرىنى، ئاللاھ رازى بولىدىغان ياخشى، پاكىز، مۇباھ ۋە ھالال نەرسىلەرنىڭ بايانىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆزى رازى بولمايدىغان ناچار، مەينەت، مەكرۇھ ۋە ھارام نەرسىلەرنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن. جانابىي ئاللاھ ھەر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي شەرت – شارائىتىغا كۆرە، ھەربىر قەۋم ۋە

ئايماقلارغا بەزەن ئۆز ئىچىدىن، بەزەن ئالەمشۇمۇل پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ۋەھيى يوللاش ئارقىلىق ھەر دائىم ئىمان، ئىبادەت ھەقىقەتلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئەسلىتىپ تۇردى.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار بەزىدە ئۆز نەپسى - خاھىشىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئىمان ۋە ئىبادەت ھەقىقەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، باتىل خۇراپاتلىقلارغا چۆمگەن ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەمدىن تايغان بولسىمۇ، ھەر دەۋردە كەلگەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان سالىھ – مۆتتەقى كىشىلەر ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ، ھەقىقەتنى دادىللىق بىلەن ئەسكەرتىپ تۇردى. تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا ئەلەيھىسسالامغىچە بارلىق پەيغەمبەرلەر بارلىق ئىنسانلارنى يېگانە بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە، يالغۇز ئۇ زاتقىلا بەندىچىلىك ۋە ئىبادەت قىلىشقا، ئۇ زات رازى بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ئۇ زات رازى بولمايدىغان يامان، پاسكىنا ۋە گۇناھ ئىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇشتىن ئىبارەت فىترەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كامالەتكە ئېرىشكەن ئىسلام دىنى ئىمان - ئېتىقاد، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋەت جەھەتتىن بەزى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۇ پرىنسىپلارنى چىن قەلبىدىن تەستىقلىشى، ئېغىزى بىلەن ئىقرار قىلىشى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئورۇندىشى لازىم بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى بەزى پرىنسىپلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىشقا تىرىشىمىز.

ئۇيغۇرچىدە ئىمان، ئېتىقاد ۋە ئەقىدە سۆزلىرى بىر - بىرىگە يېقىن، كۆپىنچە بىر - بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. «ئىمان» ئەرەبچە كەلىمە بولۇپ، «جەزم قىلىش، چىن قەلبىدىن ئىشىنىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېتىقاد، ئەقىدىمۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «چىگىش، باغلاش، باغلىنىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىمان بولسا ئەقىل ۋە تەپەككۇر بىلەن ھەممە نەرسىنىڭ يەنى كائىنات، بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى، ياشاتقۇچىسى، باشقۇرغۇچىسى ۋە ئىگىسى يېگانە بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىگە شەك - شۈبھىسىز ئىشىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئېتىقاد بولسا ئۇ يېگانە ياراتقۇچى زاتقا قەلبىنى، ئۆزىنى ۋە بارلىقىنى تاپشۇرۇش، باغلاش، ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بەندىچىلىك قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىمان بىلىش، جەزم قىلىش، ئىشىنىش ۋە ئەقىدە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشى بىلگىنىگە ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئەقىدە قىلىدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ

قەلبىنى باغلايدۇ ۋە بارلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلايدۇ.

ئىمان ۋە ئېتىقاد بىر مۇسۇلماننىڭ جانابىي ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيىتىگە (ھەقىقىي يەككە - يېگانە ئىلاھلىقىغا)، رۇبۇبىيىتىگە (جانابىي ئاللاھنىڭ ھەر شەيئىنىڭ يېگانە باشقۇرغۇچىسى ۋە مالىكى ئىكەنلىكىگە) قەلبى، دىلى ۋە كۆڭلىدىن ئىشىنىش، تەستىقلاش، ئېغىزى بىلەن ئىقرار قىلىش، بايان قىلىش ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىش ۋە ئورۇندىشىنى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ھەر دائىم ئىزھار قىلىپ تۇرۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام دىنى تەۋھىد دىنىدۇر. ھەربىر مۇسۇلمان «ئىلاھ، تەڭرى ۋە خۇدا يېگانە جانابىي ئاللاھتۇر، ئۇ باردۇر، بىردۇر ۋە ھېچ شېرىكى يوقتۇر» دەپ ئىشىنىشى، شۇنداق تونۇشى ۋە قەتئىي ئىككىلەنمەسلىكى لازىم.

بىر ئىنساننىڭ ھەر قانچە قىلىسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ھەققىدە ئېنىق بىرەر مەلۇماتقا ئىگە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كىشىنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى خىيالى بىر ۋەھمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھېچقانداق بىر بەشەر ئەقلى ئۇنىڭ زاتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھېچبىر مەخلۇقات ۋە مەۋجۇدات تۈرلۈك تىرىشچانلىق ۋە ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سالسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى بىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىر ئىنسان سائەتنى كۆرۈپ سائەتچىنىڭ بارلىقىنى ۋە ماھارىتىنى قانداق ئىدراك قىلغان بولسا، بىر ئەسەردىن ئۇنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىنىڭ تەسىرىنى بايقىيالىغان بولسا، بىر سەنئەتتىن سەنئەتكارنى بىلەلىگەن بولسا، سەۋەبتىن مۇسەببىبكە (سەۋەبنى پەيدا قىلغۇچىغا) ئۇلاشقىلى بولىدىغان ۋە بۇنىڭغا بارىدىغانلىقىنى ئىدراك قىلغىلى بولىدىغان بولسا، خالىس تەپەككۇرى، ساغلام فىترىتى، ساپ ئىدراكى ۋە ھۆر ئىرادىسى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە پېئىللىرىگە نەزەر سالغىنىدا، ئۇ زاتنىڭ بەرھەق ۋاجىبۇل ۋۇجۇد (بار بولۇشى لازىم ۋە زۆرۈر بولغان) جانابىي ئاللاھنىڭ بىر ۋە بارلىقىنى ئىنكار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىماننىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۆزىمۇ غەيىبكە (يەنى كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان زاتقا) ئۇ زاتنىڭ قۇدرەت ۋە كامالى سۈپەتلىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق، خۇددى ئۇ زاتنى ئەينەن كۆرگەندەك جەزم ۋە ئىشەنچ قىلغان ھالەتتە بار ۋە بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ زاتىنى ئويلاپ تەپەككۇر قىلىشقا ئورۇنۇش بىلەن زېھنىگە بىر قىسىم خىيال ۋە شۈبھىلەرنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىمانىغا دەخلى يەتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا، جانابىي ئاللاھنىڭ سۈپەت ۋە قۇدرەتلىرىنى تەپەككۇر ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىمانىنى كامىل تۇتۇشقا تىرىشىدۇ.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە مۇجتەھىدلەر قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ سۈننەتلىرىگە ئاساسەن ئىمان ئاساسلىرىنى يەتتە ماددىغا ئىخچاملىغان. ئۇلار:

## 1. ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش

قەلبى، دىلى ۋە سەمىمىيىتى بىلەن «كەلىمە تەۋھىد»نى، يەنى «لَا إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ مُحَمَّدًا رَسُولُ ٱللَّهِ» سۆزىنىڭ مەنە ۋە ھەقىقىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە «كەلىمە شاھادەت»نى يەنى «أَشْهَدُ أنْ لا إلَـهَ إلَّا الله وأنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ ورَسُولُه» سۆزىنىڭ مەنە ۋە ھەقىقىتىنى ھۆر ئىرادىسى ۋە سەمىمىيىتى بىلەن ئىنسانلارغا جاكارلاش ۋە باشقىلارنى بۇنىڭغا گۇۋاھچى قىلىش. بۇ ئىككى كەلىمەنىڭ ئۆزىدە ھەر شەيئىنىڭ پانى (يوق) بولىدىغانلىقى، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىنىڭلا باقى ھەم دائىم بولىدىغانلىقى، ئىبادەت ۋە چوقۇنىشنىمۇ پەقەت مەئبۇدى بەرھەق ئاللاھ تائالاغىلا قىلىش، باشقا تەڭرى، خۇدا ۋە ھەر خىل نامدىكى ئىلاھلارغا چوقۇنماسلىق ۋە مەدەت تەلەپ قىلماسلىق ياكى بۇلارنى ئاللاھغا شېرىك قىلماسلىق، ھەممە نەرسىنىڭ يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىي مالىكى ۋە ئىگىسى جانابىي ئاللاھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تەۋھىد ئېتىقادىنى، قىسقىچە ئېيتقاندا جانابىي ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيىتىنى، رۇبۇبىيىتىنى، بارلىق زاتى ۋە سۇبۇتى سۈپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش باردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى جانابىي ئاللاھنىڭ زاتىنىڭ ئەينى ياكى غەيرى دېيىشكە ۋە جانابىي ئاللاھنىڭ زاتى ياكى سۇبۇتى سۈپەتلىرىنىڭ ھېچبىرىنى باشقا مەخلۇقات ياكى مۇمكىناتقا ئوخشىتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى جانابىي ئاللاھ ۋاجىبۇل ۋۇجۇد، ھاكىمى ۋە فائىلى مۇتلەق، مەئبۇدى بەرھەق، كامالاتى سىفات (سۈپەت)، ئەبەدۇلئەبەد بولۇشى ۋاجىپ ۋە زۆرۈر بولغان يەككە – يېگانە زاتتۇر[1]. كەلىمەئى تەۋھىد ۋە كەلىمەئى شاھادەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش يەر ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى، پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈشمۇ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى جانابىي ئاللاھ ئۆزىنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى، ئەمر - پەرمانلىرىنى پەيغەمبەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بىزلەرگە خەۋەر بەرگەن بولۇپ، ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە، پەيغەمبەرلىرىگە قوشۇپ ئىمان كەلتۈرۈشنى شەرت قىلغان. شۇڭا، پەيغەمبەرنىڭ دىنىنى، پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ۋەھىينى ئىنكار قىلغانلىق ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.


[1] ئابدۇلھەمىد راشىدىن، «مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، دىرارۇل ئىلىم نەشرىياتى، 2023 – يىلى 1 - نەشرى، 87، 88 – بەتلەر.

## 2. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش

پەرىشتىلەرنىڭ جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن نۇردىن يارىتىلغان پاك بەندىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. پەرىشتىلەر بىزنىڭ بۇ جىسمانىي كۆزىمىز ۋە ياكى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن بولسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان، ئاللاھ تائالاغا ھەر دائىم ھەمدۇسانا ئېيتىدىغان، بەلگىلىك تائەت - ئىبادەت ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن مەشغۇل تۇرىدىغان نۇرانىي بەندىلىرىدۇر. قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ سۈننەتلەردە پەرىشتىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتى، ئىلاھىي ئەمرگە كۆرە مۇئەككەل قىلىنغان خىزمەت تۈرلىرى بويىچە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە بەزىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سوئال - سوراقسىز ئىشىنىشىمىز كېرەك.

پەرىشتىلەر يېمەك - ئىچمەك ۋە ھاياتىي ئالەمدىكى ھەر خىل ماددىي ئېھتىياجلاردىن خالى بولۇپ، ئۇلار ئەركەك ياكى چىشى دېيىلمەيدۇ، ئۇلار تۈرلۈك نەپسى شەھۋەت، جىنسى مۇناسىۋەت تەقەززاسى ۋە ھەر خىل گۇناھ - مەسىيەت ئامىللىرىدىن مۇنەززەھدۇر[2]. پەرىشتىلەر بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا جىندىن ئىبارەت جانابىي ئاللاھنىڭ ئالاھىدە بەندىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ بەزى ئالاھىدىلىك جەھەتتە پەرىشتىلەرگە، بەزى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئىنسانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى جىنلارنىڭ بىزگە كۆرۈنمەيدىغان مەخلۇق بولۇش جەھەتتىن پەرىشتىلەرگە، تۈرلۈك نەپسى تەقەززالار، ئىرادە ۋە ئىلاھىي ئەمرگە تەكلىپ قىلىنىش بولۇش جەھەتتىن ئىنسانغا ئوخشايدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن

[2]ئابدۇلھەمىد راشىدىن، «مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، 81، 86 – بەت.



بىر قاتاردا جىنلارنىڭمۇ بارلىقىغا، ئۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھىي دەۋىتىگە چاقىرىلغانلىقىغا ئىشىنىشى لازىم كېلىدۇ.

### 3. ئاللاھنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئىشىنىش

ئاللاھ تائالا تۇنجى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى يوللاش ئارقىلىق، بارلىق ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ زاتىنى، سۈپەتلىرىنى، ئۇلۇغ قۇدرىتىنى، ئىرادىسىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادىتىنى، پاك تۇرمۇش، ھالال كەسىپ ۋە ساغلام ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت يوللىرىنى بىلدۈرۈش، ھەر خىل پايدىلىق ئىلىم - پەن كەشپىياتلىرى، تەبىئەت ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بايان قىلىش ۋە ھەر زاماننىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىق ئىلاھىي ھۆكۈم - پەرمانلارنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن ئەمر - پەرمان ۋە يوليورۇقلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەر بۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلمەسلىكى ئۈچۈن، جانابىي ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىلىرىگە ۋەھيى يولى بىلەن كىتاب نازىل قىلغان. ئاللاھنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئىشىنىش پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن بارلىق كىتاب ۋە سەھىپىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان كىتاب ۋە سەھىپىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى ئادەم»، ھەزرىتى شىس ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى شىس»، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى ئىدرىس»، ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى نۇھ» ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى ئىبراھىم»غا ئوخشاش 100 دىن ئارتۇق سۇھۇف ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «تەۋرات»، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «زەبۇر»، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «ئىنجىل» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت تۆت مەشھۇر كىتابقا ئوخشاش.[3]

### 4. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بولسا جانابىي ئاللاھ ئۆزىنىڭ زاتىنى، سۈپەتلىرىنى، ئۇلۇغ قۇدرىتىنى، ئىرادىسىنى بەندىلىرىگە ئىزھار

[3]ئابدۇلھەمىد راشىدىن، «مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى»، 94، 95– بەتلەر.

قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادىتىنى، ساغلام ئىمان - ئەقىدە يوللىرىنى كۆرسىتىش، پاك تۇرمۇش، ھالال كەسىپ ۋە ساغلام ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت يوللىرىنى بىلدۈرۈش، ھەر خىل پايدىلىق ئىلىم - پەن كەشپىياتلىرى، ماددىي تەبىئەت ئالىمىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بايان قىلىش ۋە ھەر زاماننىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىق ئىلاھىي ھۆكۈم - پەرمانلارنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، بەندىلەرنى يامان ئىشلاردىن ۋە باتىل، خۇراپات يامان ئەقىدە، يامان يوللاردىن توسۇپ، ياخشىلىققا، ھەق دىن ۋە توغرىلىققا (مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا) دەۋەت قىلىش، تەلىمات ۋە يوليورۇق ئاڭلاش ئۈچۈن ئىنسانلار ئىچىدىن ئۆزى تاللاپ ۋەھيى يوللىغان ھەقىقىي ئەلچىلىرى، پەيغەمبەرلىرى ۋە پاك راستچىل بەندىلىرى دەپ ئىشىنىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ھەق ۋە راستلىقىنى ھەر زاماندىكى ھەقىقەتپەرۋەر كۆپچىلىك ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي گۇۋاھلىقى بىلەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە خاس مۆجىزىسى (ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ ئىشلار) بىلەن ۋە ئالدىنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى تەستىقلىغان ھۆججەت، تەرىپلىگەن خەۋەرلىرى بىلەن ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ئېنىق دەلىل، ئىلمىي پاكىت ئاساسلار بىلەن ئىشىنىمىز.

ئىنسانلار تارىخىدا ھەر زامان، ھەر ماكان ۋە تۈرلۈك قەۋملەر ئىچىدە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن بولۇپ، جانابىي ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مىللىتىنىڭ تىلى بىلەن بەزىلىرىنى ئۆز قەۋمىگە، بەزىلىرىنى بارلىق ئىنسانلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ يوللىغان. پەيغەمبەرلەر ئىمان - ئېتىقاد، تائەت - ئىبادەت، مەكارىمى ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتلەردە ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل، باشقىلارغا يولباشچى ئۈرنەك كىشىلەردۇر. جانابىي ئاللاھ ئەلچى قىلىپ يوللىغان پەيغەمبەرلەر مۇرسەل ۋە نەبى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ماھىيەتتە ھەممىسى ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىدۇر.

تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئان كەرىم، باشقا سەھىپىلەر ۋە تارىخىي قىسسەلەردە بىر نەچچە تىپىك مىساللار بىلەن بىر قانچە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى بىزگە ئېنىق ئەمەس. جۈملىدىن قۇرئان كەرىمدە 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى شەرىپى زىكىر قىلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىش ماھىيەتتە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە، كىتاب، سەھىپىلەرگە ۋە ئۇلۇغ مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا ئومۇمىيۈزلۈك قايىل بولۇپ، ھەقىقىي ئەمەل قىلغانلىق

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[4].

## 5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش سىناق دۇنياسىدا يارىتىلغان ئىنسانلارنىڭ قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرى دۇنيا ئاخىرلىشىدىغان قىيامەتتىن كېيىنكى ئاخىرەت كۈنىدە خۇلاسە قىلىنىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېمەكتۇر. يەنى ساۋاب ۋە گۇناھقا قاراپ ياخشى - يامان جازا بېرىلىدىغان بىر دەۋرنىڭ (باقى ئالەمنىڭ) مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇ باقى ئالەمدە قىيامەت، ھەشر - نەشر (ھېساب مەيدانى) بەرپا قىلىنىشىنىڭ، ھېساب، مىزان، پىلسىرات، ھەۋزى كەۋسەر، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

جانابىي ئاللاھ ئىنساننى ياخشى - يامان، ھەق - ناھەقنى پەرق قىلالايدىغان ئىدراك ۋە نۇرلۇق روھ بىلەن ياراتتى، ئاسمان - زېمىندىكى ماددىي مەنپەئەتلەرنى ئىنسانلار ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ بەھرىمەن بولالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننى بۇ سىناق دۇنياسىغا خوجايىن قىلدى ۋە ھەممە مەخلۇقتىن ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك قىلىپ ياراتتى. ئىنسانلارنى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بار قىلىپ ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھ ئەلۋەتتە يەنە قايتا تىرىلدۈرۈپ، ئاخىرەت ئالەمگە لايىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە قادىر.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق توسالغۇنى ۋە ئاجىزلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بەلكى باقى ئالەم ھاياتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى بۇ پانى ئالەمدە سىناق ئۈچۈن بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە يارىتىشتىكى ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئۇلۇغ قۇدرىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولۇشىدا ھېچ شەك - شۈبھە يوقتۇر. سالىھ، ياخشى بەندىلەر جەننەتكە ۋە راھەتكە سازاۋەر بولۇشى ۋە يامان، زالىم كاپىرلار دوزاخ ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇشى، بۇ ئىككى جاينىڭ ئاخىرەت ئالەمدە مەۋجۇتلۇقى ئېنىق ھەقىقەتتۇر. بۇنداق بولۇشى ھەقىقىي پادىشاھ بولغان، ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى جانابىي ئاللاھ تائالانىڭ ئادالەت سۈپىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئىماننىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر[5].

## 6. قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش

بۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك دۇنيادا بولغان، بولىدىغان، بولمىغان

[4]ئابدۇلھەمىد راشىدىن، «مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى»، 96 - 98– بەتلەر.

[5]ئابدۇلھەمىد راشىدىن، «مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى»، 98 - 100– بەتلەر.

ۋە ھەرنەۋئى (تۈرلۈك) مەخلۇقات، پۈتۈن ئالەم ۋە ئادەم، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھاياتىي قانۇنى، ئومۇمىي قانۇنى، ئىختىيارى ئىشلىرى، ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلىگەن نىسبەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مۇئەييەن ئۆلچەم، قىسمەت، مىقداردا بولۇشىنىڭ ۋە ھەر ياخشىلىق - يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر ۋە ئىرادىسىگە باغلىق بولغان چەك - چېگرا ئىچىدە بولۇشىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

بەندە ئۆز ھەرىكىتىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ، لېكىن بۇنى تەقدىر قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. ئومۇمىي ئىختىيارى ۋە ماددىي ئىمكانىيەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر. يەنى ھېچقانداق نەرسە قەدەردىن (تەقدىر ۋە قانۇنى ئىلاھىيدىن) تاشقىرى ئەمەس دەپ ئىشىنىشتۇر. بۇ تەقدىر مەسىلىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى بەريا قىلىشىغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئومۇمىي تەرەققىياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ماددىي تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قانۇنىي (توغرا ئۇسۇلدا) بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن ئىلاھىي قانۇنىيەتنى ئالدىنئالا چۈشىنىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشتە كۈچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەقدىر مەسىلىسىگە بۇنىڭ ئەكسىچە قاراش ئىسلام ئېتىقادىغا، قۇرئان تەلىماتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جاھالەتتۇر[6].

قەدەر ياكى تەقدىر ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇنى سۈننەتۇللاھقا يەنى ئالەم ۋە ھايات قانۇنىيىتىگە، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن جىددىۋ - جەھد ۋە سەئيى - سەۋەبلىرىگە قارىتا زىت ئورۇنغا قويۇشقا ئۇرۇنۇش تەقدىرنى خاتا چۈشەنگەنلىكتۇر. تەقدىر ئاللاھ تائالانىڭ خالىق (ياراتقۇچى)، مۇدەببىر (ھەممە نەرسىنى ئالدىنئالا پىلانلىغۇچى، تەدبىرىنى ئالغۇچى)، ئەلىم (بارلىق نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىلىم ساھىبى) ۋە ھەكىم قاتارلىق سۈپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئۇقۇم بولۇپ، بارلىق مەخلۇقات، مەۋجۇدات، بارلىق ھادىسە ۋە ۋەقەلەرنى مۇئەييەن نىزام ۋە ئۆلچەمگە ئاساسەن بارلىققا كەلتۈرگەن جانابىي ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈگە بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ قەيەردە، قانداق شەكىلدە ۋە قاچان بولىدىغانلىقىنى، بارلىق ھادىسە ۋە ۋەقەلەر مەخلۇقاتلارنىڭ زامان، ماكان ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزىنىڭ تاللىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئىرادىسى، تەقدىر قىلىشى، قانۇنى ئىلاھىي ۋە ئىلمى ئەزەلىيسى دائىرىسىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ماقالە - تەمسىل ھالىتىگە كەلگەن «ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى

[6]ئابدۇلھەمىد راشىدىن، «مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى»، 100 - 101– بەتلەر.

قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن سۆز قەدەرنىڭ قىسقا ئىپادىسىدۇر.

### 7. ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىش

ئۆلگەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم روھنى تەننىڭ قېشىدا ھازىرلاپ سىناق ئۈچۈن سوراق - سوئال قىلىنىشىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا، مۇئمىن سالىھلارنىڭ، كافىر، مۇشرىكلارنىڭ روھلىرىنىڭ جەننەت ۋە دوزاختىن ئىبارەت



ئىككى جايغا ئايرىلىشىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ تىرىلدۈرۈش دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ئالەمى بەرزەختە (ئوتتۇرا ئالەمدە) بولىدىغان سوراق - سوئال ئەھۋالى بولۇپ، بۇ دۇنيادىكىگە ئوخشاش يېمەك - ئىچمەك ۋە جىسمانىي ھەرىكەتلەرگە باغلىق ئەمەس ياكى ئاخىرەتتە جەننەت ۋە دوزاختا بولىدىغان ھايات ھەم ئەمەس. بەلكى تەن بىلەن روھنىڭ جۇدالىشىش باسقۇچىدا سىناق سوئال ئۈچۈن روھقا مۇناسىۋەتلىك بىر خىل ئەھۋالدۇر. ئۆلگەن كىشى قايسى جاي ۋە قانداق ھالەتتە جان ئۈزگەن بولسۇن ياكى ئۇنى ھايۋاناتلار يۇتۇپ كەتكەن بولسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۆزىگە تونۇتۇپ قايىل قىلىش ئۈچۈن روھنى ھازىرلاپ سوراق - سوئال قىلالايدۇ ۋە چەكلىك ئازاب، راھەت بىلەن تېگىشلىك مۇئامىلە قىلالايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مالائىكىلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنىنى ئىجرا قىلىپ ئۆلگەن كىشىنى سوراق قىلىش ئۈچۈن ۋە تېگىشلىك سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى تىرىك ئادەم كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقى

بىلەن ئاڭلاپ ياكى باشقا ۋاستە بىلەن سېزەلەيدىغان ئەھۋال ئەمەس، بەلكى بۇ ئەھۋاللار سىناق دۇنياسىدا مەركەز ئۆلگەن كىشىدىن باشقا ھايات ئادەملەرگە سېزىلمەيدىغان، مەخپىي تۇتۇلغان خاس ئۆتكەلدىكى ئەھۋالدۇر.[7]

يۇقىرىقى ئىمان ئاساسلىرى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر سۈننەتلەردە قەتئىي دەلىللەر بىلەن سابىت بولغان ۋە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىمان كەلتۈرۈشى زۆرۈر بولغان كەسكىن ھۆكۈملەردۇر. چۈنكى ئىمان ۋە ئېتىقادقا دائىر مەسىلىلەردە چوقۇم قۇرئان كەرىم ۋە ياكى مۇتەۋاتىر سۈننەتتە دالالىتى قەتئىيەت ئىپادىلەيدىغان ھۆكمى ئېنىق ۋە ئوچۇق دەلىل بولۇشى شەرتتۇر. بارلىق مۇجتەھىد ئالىملار بۇ ماددىلارنىڭ ئىماننىڭ ئاساسى ۋە شەرتى ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقتا كەلگەن بولۇپ، ھەر بىر مۇئمىن ۋە مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىشى ۋە ئىمان كەلتۈرۈشى زۆرۈر ۋە شەرتتۇر.

قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەھىھ سۈننەتلىرىدە ئىمان ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىگە دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى بارلىق مۇجتەھىد ئالىملار تەرىپىدىن ئىتتىپاقتا كەلگەن ۋە بىر قىسمى بولسا بەزى ئالىملار تەرىپىدىن ئىختىلاپ قىلىنغان مەسىلىلەردۇر.

[7]ئابدۇلھەمىد راشىدىن، «مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، 101 - 102– بەتلەر.


بۇلار ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ۋە كالام ئىلمى ساھەسىدىكى مۇجتەھىد ئالىملار تەرىپىدىن دەلىللىرى بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئىسلام تارىخىدا ئىسلام دىنىنىڭ پەرقلىق رايون، پەرقلىق مىللەتلەرگە تارقىلىشى بىلەن بىرگە ئۇ رايون ۋە مىللەتلەردىكى كۈلتۈرلەرنىڭ تەسىرى ئىچىدە پەرقلىق ئېتىقادىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىققان. بولۇپمۇ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىگە ئائىت بولغان بەزى مەسىلىلەرنىڭ تەشبىھ ۋە تەئۋىل قىلىنىپ قىلىنماسلىقى، ياخشى ۋە يامانلىقلارنى بىرزات ئەقلىنىڭ بەلگىلىشى ۋە ئىنسانىنىڭ ئىشلىگەن پېئىللىرىدىكى ئىرادىسى قاتارلىق... نۇرغۇن مەسىلىلەردە كالام ئالىملىرى ئۆز ئارا پىكرى ئىختىلاپ ۋە مۇناقەشە قىلىشقان بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرى، يەھۇدىي - ناسارالارنىڭ ۋە ھەر خىل دىنلارنىڭ باتىل چۈشەنچىلەرنى ئىسلام ئېتىقادىغا سۆرەپ كىرىپ، توغرا ئىسلام ئەقىدىسىدىن چىقىپ ئازغۇن يوللارغا كىرىپ قالغان. زامان ئىچىدە بۇ ئازغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە تەرەپدار توپلاپ، جامائەت ۋە ھەتتا مەزھەپ شەكىللەندۈرۈشكە ۋە ساغلام مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا تەھدىت سېلىشقا ۋە مۇسۇلمان خەلقنى توغرا ئىسلام ئېتىقادىدىن چىقىرىۋېتىشكە باشلىغان.

ئىسلام تارىخىدا ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن

كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپە سايلىمىدىكى سىياسىي تالاش - تارتىش سەۋەبلىك، تۈنجى بولۇپ «خارىجىييە» نامىدا بىر مەزھەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، «چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار كاپىر بولىدۇ» دېگەن كۆز قاراش بىلەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈلدى ۋە ھەتتا ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنىدى. يەنە ئىلاھىي تەقدىرنى ئىنكار قىلىپ، بەندىنىڭ ئىرادىسىنى ئاساس قىلىدىغان «قەدەرىيە»، بەندىنىڭ ھېچبىر ئىرادىسىنىڭ يوقلۇقىنى دەۋا قىلىدىغان «جەبرىييە»، چوڭ گۇناھ ئىشلىگەنلەرنىڭ جەننەت ياكى دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى دۇنيادا بىلگىلى بولمايدۇ، دەيدىغان كۆزقاراشنى دەۋا قىلىدىغان «مۇرجىئە»، ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى ۋە سۈپەتلىرىنى بەندىگە ئوخشىتىشنى توغرا دەپ دەۋا قىلىدىغان «مۇشەببىھە» دېگەنگە ئوخشاش ۋە بۇنىڭ سىرتىدا بۇ يەردە مەلۇمات بېرىلمىگەن نۇرغۇن ئېتىقادىي كۆزقاراشلار ۋە مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى غەيرى دىن ۋە كۇلتۇرلەرنى ئىسلام دىنىغا سۆرەپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى ۋە ياكى باشقا كۇلتۇر ۋە پەلسەپەلىرى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ئۆزى خالىغانچە تەئۋىل قىلىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇ كۆز قاراش ۋە مەزھەپلەر مۇسۇلمانلار ئىچىدە پىكرىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن بۆلۈنۈش، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن كاپىر ئىزدەپ بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشتەك يامان ئاقىۋەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بۇ تەھلىكىگە قارشى رەببانىي ئالىملار (سۆزى ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق بولغان ئۇلۇغ ئالىملار) ئېتىقادىي مەزھەپلەر ئىچىدىن «ماتۇرىدىي» ۋە «ئەشئەرىي» مەزھىپىنى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن ئېتىقادىي مەزھەپ دەپ قارىغان. ئىسلام ئالىملىرى ئىسلام دىنىنى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن تەرىقىدە چۈشەنگەن ۋە قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىپ ماڭغان مۇسۇلمان جامائىتىنى ئازغۇن پىرقىلەردىن ئايرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» دېگەن «قورغان»نىڭ ئىچىگە ئالغان. «ماتۇرىدىي» ۋە «ئەشئەرىي» مەزھىپى بۇ قورغان ئىچىدىكى ئەڭ ساغلام ئىككى ئېتىقادىي مەزھەپتۇر.

تۈركىستان دىيارى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم باھىلىي (714 – 668) قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن فەتھە قىلىنىپ، ئىسلام نۇرى تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، تۈركىستان خەلقى ئىچىدىن ئىمام بۇخارىي (870 - 810)، ئىمام تىرمىزىي (892 – 824)، ئىمام ماتۇرىدىي (944 – 852)، فارابىي (950 – 871)، سەمەرقەندىي



(983– ) ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 – 1077)... كەبى نۇرغۇن ئالىم - ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان.

تۈركىستان خەلقى ئېتىقادىي جەھەتتىن ئىمام ماتۇرىدىينىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ سۈننەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېتىقادىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىزاھاتلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئىمام ماتۇرىدىي ئېتىقادىقا ئائىت مەسىلىلەردە ئوتتۇرا يولنى تۇتقان بولۇپ، ۋەھيىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەقىلگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تارىختىن بۇيان ئىمام ماتۇرىدىينىڭ يولىنى تۇتۇپ كەلگەن، ئۆلىمالىرىمىزمۇ مەدرىسىلەردىكى تەلىم – تەربىيەلەردە ۋە خەلق ئاممىسىغا قىلغان ۋەز - نەسىھەتلىرىدە مۇشۇ يولنى ئاساس قىلغان. بۇ مەزھەپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتىقادى، پىكىر - چۈشەنچىلىرى، ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئۆرپ – ئادەت ئەنئەنىلىرىگىمۇ تەسىر قىلغان.

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنى كاپىر خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، ئىبادەتلىرى چەكلىنىۋاتقان ۋە بارلىق ھەق - ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بىرلىك ئىنتايىن مۇھىم. بىزلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل دىنىمىز، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزدۇر. ئالىم – ئۆلىمالىرىمىزنىڭ دىنىي جەھەتتە خەلقىمىز ۋە ئالىملىرىمىز مىڭ يىلدىن بېرى تۇتۇپ كەلگەن يولغا ۋارىسلىق قىلىپ مېڭىشى ئەڭ ئاقىلانىلىقتۇر.

جانابىي ئاللاھ ھەر بىرىمىزگە ھىدايەت ۋە تەۋپىق، خەلقىمىزگە ساغلام ئېتىقاد، ئالىم - ئۆلىمالىرىمىزغا ئەقىل - پاراسەت، بايلىرىمىزغا ئىنساپ، ياشلىرىمىزغا شىجائەت ۋە قىزلىرىمىزغا ئىپپەت، شەرمى ھايا ئاتا قىلسۇن، ئامىن.

# ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت كىملەر؟



ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز

بىزنى پۈتكۈل پەيغەمبەرنىڭ ئەۋزىلى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۈممەت، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىدىغان جامائەت قىلغان رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە ۋە ئەسھابى كىراملىرىغا چەكسىز دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز. بىزنى ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە ئەھلى سۈننەت يولىدىن ئايرىۋەتمەسلىكىنى ئۇلۇغ ئاللاھتىن تىلەيمىز.

مەن مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇقۇمۇشلۇق ۋە ئۈممەتكە رەھبەر بولىدىغان زاتلارنىڭ مەلۇماتىنى يوقلىسام، كۆپ سانلىقى ئۆزىنى ئەھلى سۈننەت دەپ ئاتىسىمۇ «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» (ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە) دېگەن كىملەر؟ ئۇلار قاچان چىققان؟ ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى نېمە؟ دېگەنگە ئوخشاش مۇھىم مەلۇماتلاردىن ئانچە خەۋىرى يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا بىر پىكرى يوق، باشقىلار نېمە دېسە شۇنى تەقلىد قىلىپ كېتىۋېرىدىكەن. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ مەلۇمات بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ماقالىنى يازدىم. بۇ ماقالىدا «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» دېگەن كىملەر؟ قانداق شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئومۇمىي شەكىلدە چۈشەندۈرۈلدى. ئاللاھ تائالا توغرا يولدا مېڭىشىمىزغا ۋەسىلە قىلغۇسى.

## «سۈننەت» ۋە «جامائەت» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى

ئالدى بىلەن «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» ئاتالغۇسىدىكى «سۈننەت» ۋە «جامائەت» دېگەن سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى سۈننەتتىن يول، ئۇسلۇب، مېتود، ئەگىشىپ ماڭىدىغان يول خەرىتىسى، جەمئىيەتلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدىغان خۇسۇسىيەت مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ يەردىكى سۈننەتنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: سۈننەت بىرخىل ئەقىدە ئەتراپىغا توپلاشقان جامائەت ياكى ئۈممەتنىڭ ئېتىقاد


يولىدۇر. بۇ يولدا بىرلەشكەن، ئىتتىپاقلاشقان ۋە ئوخشاش قاراشتا بولغان ئىنسانلار «جامائەت» دەپ ئاتىلىدۇ[1]. سۈننەت بۇ مەنىدە قۇرئان كەرىمدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِكُمْ سُنَنٌ فَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانْظُروا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ﴾ ﴿سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ ئۆتتى؛ يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، ھەقنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار[2].﴾ ﴿فَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللّٰهِ تَبْدِيلًا﴾ ﴿ئاللاھنىڭ سۈننىتى (قانۇنىيىتى)دە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن[3].﴾ بۇ ئايىتى كەرىمدە بايان قىلىنغان سۈننەت ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ۋە تەدبىرى ئۈچۈن بېكىتكەن قانۇن - يولىدۇر. بۇ مەنە ئىسلام ئىستىلاھىدا «ئاللاھنىڭ ئادىتى» دەپ ئىپادىلەنگەن.

دېمەك، سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۇتقان ئۇسلۇبى ۋە بۇ پەيغەمبەر ئۇسلۇبىنى بىرلىكتە تۇتۇپ ماڭغان ساھابىلەر جامائىتىنىڭ يولىدۇر. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پىكىر ۋە ھەرىكىتىنى بەرپا قىلغان نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدۇر. ﴿كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولًا مِنْكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ﴾ ﴿شۇنىڭدەك ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ

[1] شەھرىستانىي، «الملل والنحل»، 1 - توم، 47 - بەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 173 - ئايەت.

[3] سۈرە فاتىر، 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



بېرىدىغان، سىلەرنى گۇناھلاردىن پاكلايدىغان، سىلەرگە كىتابنى (قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.﴾[4] شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرىغان: ﴿يَٰٓأَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوٓا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِى الْأَمْرِ مِنكُمْ﴾ ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار...﴾[5]

قۇرئان كەرىم پەرز، ۋاجىپ، ھالال ۋە ھارامنى بېكىتىشتە ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. ﴿إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ . وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾ ﴿(پەيغەمبەرنىڭ) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى پەقەت: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئاللاھتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾[6]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ئىشلاردىن كۈچۈڭلارنىڭ يەتكىنىنى قىلىڭلار. مەن توسقان ئىشتىن قەتئىي يېنىڭلار[7]» دېگەن.

سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش دىنىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىشنى بۇيرۇغان: «ئاراڭلاردا مەندىن كېيىن ياشىغانلار كۆپلىگەن بۆلۈنۈشلەرنى كۆرىدۇ. سىلەرگە مېنىڭ سۈننىتىمگە راشىد خەلىپىلىرىمنىڭ سۈننىتىگە (يەنى يولىغا) چىڭ ئېسىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار ۋە ئۇنى ئېغىز چىشىڭلار بىلەن چىڭ تۇتۇڭلار. يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى ھەر يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىش بىدئەتتۇر. ھەر بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر.[8]»

ئاللاھ تائالا ساھابە كىراملار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ ﴿ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار

[4] سۈرە بەقەرە، 151 - ئايەت.
[5] سۈرە نىسا، 59 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە نۇر، -51، 52 - ئايەتلەر.
[7] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[8] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزي رىۋايىتى، ھەسەن ھەدىس.

ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتقىچە ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغانلار) دىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر.[9]﴾ ئاللاھ تائالانىڭ ساھابە كىراملارنى ماختاپ، ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشى ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنى ساھابە كىراملارغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىڭلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بولۇڭلار، دەپ بۇيرۇغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتتە يەنە ساھابە كىراملارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ماختىشىغا لايىق بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ دەۋرىم، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن قالسا ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ دەۋرى.[10]» ساھابە كىراملارنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرىپىدىن ماختىلىشى ۋە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش شەرتى بىلەن مەدھىيەگە لايىق كۆرۈلۈشى ئەگىشىش بۇيرۇلغان جامائەتنىڭ ساھابىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۇممىتىم 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسىدىن باشقىسى دوزاختىدۇر» دېگەن. «ئۇ پىرقە كىم؟» دەپ سورالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىدا بولغانلار»، يەنە بىر رىۋايەتتە «ئۇ جامائەت» دەپ جاۋاب بەردى.[11]

بۇنىڭغا ئاساسەن «جامائەت» ئۇممەتنىڭ دەسلىپىدە ساھابە كىراملار، كېيىنكى دەۋردە سالىھ ئالىملاردۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكتىن «جامائەت كىم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر» دەپ جاۋاب بەرگەن. «ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئۆلۈپ كەتتى» دېگەندە، «پالانى ۋە پالانى» دېگەن. «ئۇلارمۇ ئۆلۈپ كەتتى» دېگەندە، «مانا بۇ ئەبۇ ھەمزە ئەسسەككەرىي جامائەتتۇر»[12] دېگەن. شەھرىستانى: «جامائەت بىرخىل يول ئۈستىدە ئىتتىپاقلاشقان كىشىلەر توپىدۇر»[13] دېگەن. ئىمام ئىبنى تەيمىيە: «جامائەت جۇغلاشقان دېگەنلىك بولۇپ، بۆلۈنۈشنىڭ زىتىدۇر. بۇ سۆز بىر يەرگە توپلانغان كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ»[14] دېگەن.

[9] سۈرە تەۋبە، 100 - ئايەت.

[10] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[11] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان ۋە «ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە كۆرە سەھىھ ھەدىس» دېگەن.

[12] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

[13] شەھرىستانىي، «الملل والنحل» 1 - توم، 47 - بەت.

[14] ئىبنى تەيمىيە، «پەتىۋالار مەجمۇئەسى»، 3 - توم، 157 - بەت.

ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى قېتىم «جامائەت» سۆزى ھەزرىتى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن يىلى كەڭ قوللىنىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يىلغا «سەنەتۇلجامائە (يەنى مۇسۇلمانلار بىرلەشكەن يىل)» دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسانلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىغۇدەك ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولغۇدەك پىكىر ئوخشاشماسلىقى يوق ئىدى. ھىجرى 35 - مىلادى 656 - يىلى ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەھىد قىلىنىشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بەزى كۆزقاراشلار ۋە مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. چۈنكى مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش ئىسلامدا چوڭ گۇناھ ۋە قىساس ئېلىنىشى لازىم ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرگەن ئىسيانچىلار قىساستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى، چۈنكى قۇرئاندا ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ اللَّهُ فَأُولَٰٓئِكَ هُمُ الْكَٰفِرُونَ﴾ ﴿كىم ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[15] دەپ بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتىپ، «ئوسمان ھاكىمىيەتنى قۇرئاننىڭ ھۆكمى بىلەن تۇتماي مۇرتەد بولغان، مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىپ، شۇڭا ئۆلتۈردۇق» دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى. بۇ ئىسيانچىلار كېيىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ ئەينى قارىشىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەتبىقلاپ، «سەن مۇرتەد بولدۇڭ» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسيانچىلار «مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە قارشى چىققان» دېگەن مەنىدە «خارىجىيلەر» ۋە «خاۋارىجلار» دەپ ئاتالدى. بۇ خاۋارىجلار «مۇسۇلمان چوڭ گۇناھ قىلسا ئىماندىن چىقىپ مۇرتەد بولىدۇ، ئۇنى قايتا ئىمانغا دەۋەت قىلىش لازىم» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن ئىسلام تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىرىنچى گۇرۇھ ۋە مەزھەپ بولدى. بۇ خاۋارىجلار: «چوڭ گۇناھ ئىشلىگۈچى كاپىر بولىدۇ، ئۇنىڭ قېنى، مېلى ۋە خوتۇنى ھالال بولىدۇ (يەنى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مال - مۈلكىنى مۇسادىر قىلىپ، خوتۇنىنى دېدەك قىلىش جائىز) ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پەرزدۇر»[16] دەيدۇ. ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى مەيدانغا چىققان خاۋارىجلار بۇ ئىنتايىن تار، قاتتىق ۋە ئاشقۇن ئەقىدىسى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە چوڭ بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ پىرقىنىڭ قالدۇقلىرى كۈنىمىزگىچە كەلگەن

[15] سۈرە مائىدە، 44 - ئايەت.

[16] ئىسپىراينىي، «التبصير» 28 – بەت؛ باغدادىي، «الفرق» 73 - بەت.

بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە تارقىتىش، مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

كېيىنكى زاماندا ئەمەۋىي دەۋرىدە خەلىپە ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەسئۇللار مۇسۇلمانلارغا قاتتىق قول سىياسەت قوللىنىپ، زۇلۇم قىلغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە زىت كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئالىملارغا قارشى ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىنى مۇنداق مۇداپىئە قىلاتتى: «بىز ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ھاكىمىيەتكە چىقتۇق. بىز پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئىجرا قىلغۇچىلارمىز. بۇ ئەزەلدە ئىنسانلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن تەقدىردۇر». بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا تەقدىر تالاش - تارتىشى مەيدانغا چىقتى ۋە بۇ تالاش - تارتىش نەتىجىسىدە قەدەرىيە ۋە جەبرىيە دەپ ئىككى مەزھەپ پەيدا بولدى. قەدەرىيەلەر: «تەقدىر دېيدىغان نەرسە يوق، ئىنسان قىلغان ئىشنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلىدۇ ۋە قىلغان ئىشىدىن ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ» دېسە، جەبرىيەلەر: «ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئىرادىسى يوق، ئۇ قىلغان ئىشلىرىنى مەجبۇرىي قىلىدۇ» دەيتتى. بۇ جەبرىيە مەزھىپىنى قۇرغان ۋە ئىنساننىڭ ھۆر ئىرادىسى يوقلۇقىنى، ھەرقانداق ئىشنى مەجبۇرىي قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىنىڭ جەھم ئىبنى سەفۋان ئىكەنلىكى مەنبەلەردە كەلگەن. جەھم ئىبنى سەفۋان ھىجرى 128 - يىلى (مىلادى 754 - يىلى) ئۆلتۈرۈلگەن.[17]

ئىمام ھەسەن بەسرىينىڭ تالىپلىرىدىن ۋاسىل ئىبنى ئاتا قەدەرىيەلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇستازىدىن ئايرىلدى. بۇنى كۆرگەن ھەسەن بەسرى: «اعتزلنا واصل» يەنى «ۋاسىل بىزدىن ئايرىلدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاسىل ئىبنى ئاتانىڭ ئەقىدىسى مۆتەزىلە مەزھىپى دەپ ئاتالدى. ئۇ قەدەرىيەدىن «قەدەر يوق، ئىنسان پۈتكۈل ئىشىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلىدۇ» دېگەن قاراشنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا باشقا پىكىرلەرنى قوشۇپ بىر مەزھەپ پەيدا قىلدى.

جەبرىيە ۋە قەدەرىيە مەزھەپلىرىگە زاماندىشى بولۇپ مۇرجىئە مەزھىپى پەيدا بولدى. بۇ مەزھەپ ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ھېچقانداق نەرسىدىن مەسئۇل ئەمەس. كەلىمە شاھادەتنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ پەرز ۋاجىپ ئىشلارنى قىلمىسىمۇ مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرىش ھەققى بار، كاپىرغا تائەت - ئىبادەت قىلغىنىنىڭ پايدىسى بولمىغاندەك، مۆئمىنگىمۇ گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ زىيىنى يوق، دەيدۇ.[18] چوڭ گۇناھ ئىشلىگەنلەرگە بۇ دۇنيادا ھۆكۈم چىقارماستىن ئۇنى ئاخىرەتكە قويىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار «مۇرجىئە (كېچىكتۈرگۈچى)» دەپ ئاتالغان.

[17] تارىخى تەبەري، 6 - توم، 6 - بەت.
[18] ئىسپىرايىنى، «التبصير»، 60 - بەت.

ھەزرىتى مۇئاۋىيە ۋە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئارىسىدىكى خەلىپىلىك مەسىلىسى ۋە بۇ مەسىلىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەرەپدارلىرى ئارىسىدا سىياسىي سۈركىلىشلەر پەيدا بولدى. ئەمەۋىي ھۆكۈمدارلىرى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىپ، ئۇلارغا راۋا كۆرگەن زۇلۇملىرىغا قارشى ئەھلى بەيتنى (پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىنى) قوغدايمىز دېگەن باھانە بىلەن شىئە مەزھىپى ئوتتۇرىغا چىقتى.

يەنە بىر تەرەپتىن يەھۇدىي، خرىستىيان ۋە مەجۇسىيلاردىن يالغاندىن مۇسۇلمان بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ كونا دىن ۋە مەدەنىيەتلىرىدىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا تارقىتىپ، ئۇنىڭغا ئىسلامىي جاۋاب تەلەپ قىلىشلىرى نەتىجىسىدە ھەرخىل كۆزقاراشلار، ئوخشىمىغان پىكىرلەر، ھەربىر پىكىر ۋە كۆزقاراش تەرەپدارلىرىنىڭ مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىكى ئاشقۇنلۇق ۋە پاسسىپلىقلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئايرىغى چىقمايدىغان تالاش - تارتىشلارنىڭ ۋە بۆلۈنۈشلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام دۇنياسى مانا مۇشۇنداق قازان قاينىغاندەك قاينايتتى. مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار مۇسۇلمانلارنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. چۈنكى ھەر مەزھەپ ئۆز قاراشلىرىغا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرەتتى.

يۇقىرىقىلارنىڭ سىرتىدا ساھابە كىراملاردىن تارتىپ جەمئىيەتتە مەيدانغا كېلىۋاتقان سىياسىي ۋە باشقا پىتنىلەرگە ئارىلاشماي كەلگەن بىر جامائەت بار ئىدى. بۇلار ساھابىلەرنىڭ پىتنە چىقىشتىن ئاۋۋالقى ھالىتىگە ئەمەل قىلىدىغان، پىتنە چىقىپ مۇسۇلمانلار پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ساھابىلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزىگە يول تۇتۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. بۇلار ئۆزلىرىنى باشقا يېڭى چىققان پىرقىلەردىن ئايرىش ئۈچۈن بەزىدە «ئەھلى سۈننەت»، بەزىدە «ئەھلى ھەق»، بەزىدە «ئەھلى ھەدىس» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ جامائەت ئەسلىدە يېڭى پەيدا بولغان بىر پىرقە ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ساھابە كىرامنىڭ دەسلەپكى يولىنى تۇتۇپ كەلگەن جامائەت ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا (ھىجرى 110 - يىللىرى) مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئۈچۈن «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» ئىسمى قوبۇل قىلىنىپ كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىدى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ۋەلئەسەر» دېگەن

ئىسمىنى قوللانغان[19]. «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» ئىسمىنى ئەبۇللەيس ئەل سەمەرقەندى «شەرھى فىقھۇل ئەكبەر» ناملىق كىتابىدا ئىشلەتكەن.

ئىبنى ھەزم مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مەزھەپلەرنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت، مۇئتەزىلە، مۇرجىئە، شىئە ۋە خاۋارىجلار دەپ بەشكە بۆلۈپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت مەزھىپىنىڭ ھەق يول ئىكەنلىكىنى، قالغان مەزھەپلەرنىڭ ئازغۇن مەزھەپلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنى «ساھابە ۋە تابىئىينلارنىڭ سەرخىللىرىغا ئەگەشكەنلار، ئەھلى ھەدىسلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلار» دەپ تەرىپلەيدۇ[20].

ئىسلام دۇنياسىدىكى داۋالغۇشلار، ھەرخىل مەزھەپلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئەقىدە قاراشلىرى، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيالماي گاڭگىراپ قالغان مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەھۋالى ئەقىدە مەسىلىلىرىنى سىستېمىلاشقان بىر قېلىپ ۋە ئۆلچەم ئىچىدە بايان قىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدۇراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، يارلىرىغا مەلھەم بولۇش ئۈچۈن ئىمام ئەزەم رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «فىقھۇل ئەكبەر» كىتابىنى يېزىپ، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ ئەقىدە ئۆلچىمىنى سىزىپ چىقتى. ئىمام ئەزەم بۇ كىتابىدا خاۋارىجلارنىڭ «چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ، ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش لازىم، ئۇنىمىسا ئۆلتۈرۈش لازىم» دېيىدىغان چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئاشقۇنلۇق ئەقىدىسىنى رەت قىلىپ، «مۇسۇلمان ئادەم چوڭ گۇناھ بىلەن كاپىر بولمايدۇ» دېگەن پرىنسىپىنى بېكىتىپ، جەبرىيەلەرنىڭ «كۇفرى بىلەن ئەمەلنىڭ پايدىسى بولمىغاندەك، ئىمان بىلەن گۇناھنىڭ زىيىنى بولمايدۇ» دېگەن، گۇناھ - مەسىيەتنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن ئەقىدىسىنى رەت قىلىپ، «گۇناھ قىلغان كىشى قىلمىشىدىن مەسئۇل بولۇپ، جازالىنىشقا ھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر مۆئمىن گۇناھىدىن تەۋبە قىلماي ئۆلسە، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا گۇناھىغا تېگىشلىك جازالايدۇ» دېگەن پرىنسىپنى بېكىتتى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن ئىمان مەسىلىلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا، قۇرئان ۋە ھەدىسكە تايىنىپ ساغلام پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەر دائىرىسىدە بايان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ تۇنجى ئالىملىرىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئىمام ئەزەمدىن باشقا ئالىملار ھەتتا

[19] ئىبنى ئەبى يەئلا، «طبقات الحنابلة»، 1959 قاھىرە باسمىسى، 1 - توم، 31 - بەت.

[20] ئىبنى ھەزم، «الفصل في الملل والأهواء والنحل»، 2 - توم، 113 - بەت.

ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى يۇقىرىدىكى باتىل مەزھەپلەرگە قارشى بەزى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەقىدە مەسىلىلىرىنى بىر پۈتۈن ھالدا سىستېمىلىق ۋە تولۇپ ماڭىدىغان بىر ئۆلچەم شەكلىدە بايان قىلمىغان. ئىمام ئەزەمدىن كېيىن كەلگەن ئالىملار ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىمان ئاساسلىرىنى شەرھلەپ كەلمەكتە.

ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى ئارىسىدا بەزىدە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان. لېكىن، ھەممىسى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەرگە تايانغانلىقى ئۈچۈن، كۆزقاراشلار ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلار ئىماننىڭ ئاساسىدا ئەمەس، پەقەت شاخچە مەسىلىلەردە كۆرۈلىدۇ.

ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى ئەڭ كۆپ مۇئتەزىلىلەرگە قارشى مۇجادىلە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ پەقەتلا ئەقىلگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان پىكىرلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلغان. مۇئتەزىلە مەزھىپىدىكىلەر ئەقىلنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن مەنتىق (لوگىكا) ۋە پەلسەپە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پىكىرلىرىنى مەنتىقىي ۋە پەلسەپەۋى ئاساس ئۈستىگە قۇرغانىدى. ئۇلارغا رەددىيە بەرمەكچى بولغان ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭمۇ ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئۇلار قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن «ئىلمى كالام» ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن ئەقىدە ۋە ئىمان مەسىلىلىرىنى ئەقىل ۋە مەنتىق ئارقىلىق شەرھلەپ، كىشىلەرنى قايىل قىلىش ئىلمى. ئەھلى سۈننەت بىلەن مۇئتەزىلە ئارىسىدىكى ئەڭ قاتتىق جەڭ «قۇرئان مەخلۇقمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە بولغانلىقى ۋە بۇنىڭغا باغلىق ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتى ئۈستىدە كۆپ تالاش - تارتىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يېڭى چىققان ئەقىدە ئىلمى «ئىلمى كالام» دەپ ئاتالدى.

ئىلمى كالام ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنكى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى ئىمام ئەبۇل ھەسەن ئەشئەرىي، ئىمام ماتۇرىدىي، ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي، فەخرۇددىن رازىي، سەئدۇددىن تەفتازانىي قاتارلىق ئالىملار ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىنى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن. مۇئتەزىلە باشتا پۈتۈن باتىل ۋە بىدئەت مەزھەپلەرگە قارشى مۇجادىلە قىلغان. ئۇ مەزھەپلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە زىت پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىغا رەددىيە بەرگەن. يۇنان پەلسەپەسىگە مەپتۇن بولۇپ، ئارىستوتېلغا ئوخشاش پىكىر قىلىدىغان مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ خاتا ۋە باتىل قاراشلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان.

ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى مېتود ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئەشئەرىي، ماتۇرىدىي ۋە سەلەفىي دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. سەلەفىيلەر بىلەن

ئەشئەرىي ۋە ماتۇرىدىيلەر ئارىسىدىكى پەرق بولسا سەلەفىيلەر قۇرئان ۋە ھەدىستە ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئىشلىتىلگەن مەخلۇققا خاس سۆزلەرنى ئۆز ئەينى قوبۇل قىلىمىز، دەيدۇ. ئەشئەرىي ۋە ماتۇرىدىيلەر ئاللاھ تائالانى مەخلۇققا ئوخشىتىشتىن ساقلىنىش ۋە ئاللاھ تائالانى مەخلۇقلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاك ۋە مۇنەززەھ دەپ تونۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئىشلىتىلگەن مەخلۇققا خاس سۆزلەرنى تەئۋىل (تەپسىر) قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا لايىق مەنە بېرىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ قولى دېگەن سۆزنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى دەپ تەپسىر قىلغاندەك. بۇنى «تەئۋىل مەسىلىسى» دەيمىز. بۇ ئۇزۇن مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئىزاھلاشقا ئىمكان يوق.

ماتۇرىدىيلەر بىلەن ئەشئەرىيلەر ئارىسىدا جۇزئىي مەسىلىلەردە ئوخشىماسلىق بولسىمۇ، ئومۇمەن ھەر ئىككىسى ئوخشاش ئەقىدىدە. ئىمام ماتۇرىدىي ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن، ئىمام ئەشئەرىي ئىراقتا ئۆتكەن.

فىقھىي مەزھەپلەرگە كەلسەك، ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى ھەنەفىي مەزھەپتە. ھەنەفىيلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەقىدە مەسىلىلىرىدە ماتۇرىدىي مەزھىپىدە. شافىئىي ۋە مالىكىيلەر ئاساسلىق ئەشئەرىي مەزھىپىدە. ھەنبەلىيلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەلەفىيدۇر. سەلەفىيلەرمۇ بىر نەچچە قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ سانلىقى سۈننىيدۇر. سۈننىيلىك يەنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت قۇرۇق بىر ئىسىم ياكى بىر مەزھەپ ئەمەس. سۈننىيلىك بىر ياشاش تەرزى بولۇپ، ئىسلام دىنىنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن ھالدا بارلىق ئىشلاردا تەتبىقلاشتۇر. يەنى كىم ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ياشايدىكەن، قۇرئان ۋە ھەدىسكە توغرا ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇ ئەھلى سۈننەتتۇر.

ئەھلى سۈننەت يولى ئوتتۇرىدىكى يولدۇر ۋە ئوتتۇرھال يولدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى يەرگە تۈز بىر سىزىق سىزدى ۋە: «بۇ ئاللاھنىڭ يولى» دېدى. ئاندىن ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ سولىغا بىر نەچچە سىزىق سىزدى ۋە: «بۇ باتىل يوللاردۇر» دېدى، ئاندىن: ﴿وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ﴾ ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر. شۇ يولدا مېڭىڭلار. ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار...﴾[21] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[22]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە دىندا ئوڭ - سولغا ئېغىپ كەتمەي، دەل ئوتتۇرىدىكى يولدا مېڭىشنى بۇيرىدى. ئەنە شۇ ئوتتۇرىدىكى يول ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ يولىدۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا﴾ ﴿سىلەرنى

[21] سۈرە ئەنئام، 153 - ئايەت.

[22] ئىمام ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە دارىمىيلار رىۋايەت قىلغان.

مانا مۇشۇنداق ئوتتۇرھال ئۈممەت قىلدۇق﴾ دېگەن[23].

ئىمام تاھاۋىي ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت يولىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ: «بۇ ئىفرات بىلەن تەفرىتنىڭ[24] ئوتتۇرىسى، تەشبىھ[25] بىلەن تەئتىلنىڭ[26] ئوتتۇرىسى، جەبرىيەلىك بىلەن قەدەرىيەلىكنىڭ ئوتتۇرىسى، ئۈمىدسىزلىك بىلەن مەغرۇرلۇقنىڭ ئوتتۇرىسى، خەۋپ بىلەن رىجانىڭ ئوتتۇرىسىدۇر. مانا بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ زاھىرى ۋە باتىنى مۇشۇدۇر. بۆلگۈنچى كۆزقاراشلار، رەت قىلىنغان مەزھەپلەر، مۇشەببىھە، مۇئتەزىلە، جەھمىيە، جەبرىيە، قەدەرىيە ۋە باشقا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتكە خىلاپ، ئازغۇن مەزھەپلەرنىڭ قاراشلىرى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، دەلىللەرگە تايىنىدىغان قايىل قىلارلىق جاۋابلار بېرىلگەندۇر»[27].

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارنى خۇلاسىلىسەك، «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» سۆزى ھىجرى ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بۇ ئىسىمغا مەنسۇپ بولغان جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىن تارتىپ بار بولۇپ كەلگەن، سىياسىي ۋە دىنىي پىتنىلەرگە ئارىلاشمىغان، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئەمەلنى ئەسلى بويىچە ساقلاپ كەلگەن، ھەق ئۈستىدىكى جامائەتتۇر. كۈنىمىزدىكى بەزى ئوقۇمۇشلۇق بىلىمسىزلەر سەۋەبىدىن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل پىكىر ئىختىلاپى مەيدانغا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەسلىدە ئەھلى سۈننەت پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قۇچاق ئاچقان، ھېچكىمنى چەتكە قاقمايدىغان، ئىسلامنىڭ «پۈتۈن مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر» دېگەن شوئارىنى تۇتقا قىلغان جامائەتتۇر.

ئاخىرىدا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا بىر ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچىمەن. كۈنىمىزدە بەزى مۇتەئەسسىپ ئالىملار: «ماتۇرىدىي ۋە ئەشئەرىيلەر ئەھلى سۈننەت ئەمەس، ئۇلار ئازغۇن پىرقىلەر» دەپ داۋراڭ سالىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ يېڭى ئوقۇغان ياشلار ئەشئەرىي ياكى ماتۇرىدىيلارنى مۇسۇلمان ئەمەس، كاپىر دېگەندەك قارايدىغان، ئەشئەرىي يا ماتۇرىدىي بولغان قېرىندىشىنى يامان كۆرىدىغان ئەھۋاللار شەكىللەنمەكتە. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ، ئىككىنچى بىرلىشەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتىگە چوڭ بالايىئاپەتتۇر. ئىمانىنىڭ ئاساسى

---


[23] سۈرە بەقەرە، 143 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[24] ئىفرات – مەسىلىنى چېكىتىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش. تەفرىت – مەسىلىنى بوشىتىشتا ۋە سەل قاراشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، ھەر ئىككى توغرا يول ئەمەس، توغرا يول ئوتتۇرھال بولغان ھەق يولدۇر.

[25] تەشبىھ - ئاللاھ تائالانى سۈپەتلەشتە ئىنسانغا ئوخشىتىشتۇر. بۇ قاراشتىكىلەرگە «مۇشەببىھە» دېيىلىدۇ.

[26] تەئتىل – ئاللاھ تائالانى مەخلۇققا ئوخشاتمايمىز، دەپ ئاللاھنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، قوبۇل قىلماسلىقتۇر.

[27] «شەرھى ئەقىدە تەھاۋىيە»، 588 - 586 - بەتلەر.



«لا ئىلاھە ئىللەللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بارلىقى ۋە شېرىكىنىڭ يوقلىقى)» دۇر. ئۇنىڭدىن باشقا مەسىلىلەر فەرئىي (شاخچە) مەسىلىلەردۇر. ئىماننىڭ ئاساسىدا بىرلىشىپ، شاخچە مەسىلىلەردە ھەركىم ئۆزىنىڭ قارىشىدا قېلىۋەرسە بولىدۇ. يەنى بىراۋنىڭ قارىشى سېنىڭ قارىشىڭغا ئوخشىمىسا، ئۆزۈڭنىڭ قارىشىنى ئۆزۈڭ قانائەت قىلغان دەلىللەر بىلەن چۈشەنسەڭ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ قارىشىغىمۇ ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك. سەندەك كۆز قاراشتا بولمىغان مۇسۇلماننى يامان كۆرۈش، باشقىلارغا يامان كۆرسىتىش قۇرئانغا ۋە سۈننەتكە زىت ئىش قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللّٰهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا**﴾ ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار..﴾[28] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم بىزنىڭ نامىزىمىزغا ئوخشاش ناماز ئوقۇسا، بىزنىڭ قىبلىمىزگە قارىسا ۋە بىز بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېسە (يەنى ھايۋاننى بىزگە ئوخشاش بوغۇزلاپ يېسە)، ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئامانلىقىدا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئامانلىقىدا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلماڭلار (يەنى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلماڭلار)[29]». ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ مۆئمىنلەرنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، بىر - بىرىنى يامان كۆرمەسلىك، پارچىلانماسلىق ۋە بۆلۈنمەسلىك لازىملىقىنى تەكىتلەپ تۇرسا، بىز كېلىپ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلساق توغرا بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئاللاھ بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىپ ئۇ يولدا مېڭىشنى، باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ ئۇ يولدىن يىراق تۇرۇشنى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن.

---

[28] سۈرە ئال ئىمران، 103 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[29] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# ئەھلى سۈننەت




ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ

ئەھلى سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. 2000 – يىلىدىكى رەسمىي ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر مىليارد 188 مىليونغا يەتكەن. بۇلاردىن بىر مىلياردتىن كۆپرەك مۇسۇلمان ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. 2025 - يىلىغا بارغاندا ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر يېرىم مىلياردتىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.


«دۇنيا خىرىستىيانلىرى ئېنسىكلوپېدىيەسى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى دېۋىد بارېت مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دۇنيادا ھەر كۈنى تەخمىنەن 340 مىڭ بوۋاق تۇغۇلىدۇ. ئۇلاردىن 68 مىڭى مۇسۇلمان ئائىلىسىدە، بۇلارنىڭ 60 مىڭى ئەھلى سۈننەت ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ».

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. تۈركىستان، خىتاي، رۇسىيە، بالقان رايونى، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ھىندونېزىيە، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى



مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، ئومۇمەن ئۆتمۈشتە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى (ياكى ئوسمان ئىمپېرىيەسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىيسى ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەين ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ 85%ى ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. قالغان 15%نى باشقا مەزھەپلەرگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەشكىل قىلىدۇ.

## ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسى



## ئەھلى سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى ئەقىدىسى

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر دەستۇرى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. قۇرئان كەرىم كەم - زىيادە قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغان، ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن پېتى داۋام قىلىپ كەلگەن، ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتابتۇر.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ھەدىس (ياكى سۈننەت) پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى، ئەمەل - ئىبادەتلىرى ۋە تەقرىرى (يەنى ساھابىلەردىن سادىر بولغان ئىش – ھەرىكەتلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا كۆرۈپ تەستىقلىغانلىرى ياكى رەت قىلماستىن سۈكۈت قىلغانلىرى) قاتارلىقلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى، ئۆگەتكەنلىرى ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەسى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىپ چۈشەندۈرگۈچى بىردىنبىر مەنبەدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغانلىقى ئېنىقلانغان ھەدىسنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەدىسنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشتا تونۇلغان مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پرىنسىپى ئاساس قىلىنىدۇ.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ تەۋھىد ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ئوخشىشى يوق. ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى يوق. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل

سۈپەتلىرىنى تەئۋىل قىلماستىن، باشقىلارغا ئوخشاتماستىن كەلگەن پېتى چۈشىنىش كېرەك. غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شاپائەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسي دىن، ئاندىن ئەقىلدۇر.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاخىرەت كۈنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان مۇئمىن بەندىسىگە ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرسىتىدۇ. ئاخىرەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانى كۆرۈش مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ غەيب ھەققىدىكى ئەقىدىسى

غەيب «ئىنسانلار سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمەيدىغان ئىشلار» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مەلۇم دىنىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن بەزى پەيغەمبەرلەرگە بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرگەن. «ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئۆزى بىلدۈرۈشنى خالىغانلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ» دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ شەرىئەت ۋە ھەقىقەت ھەققىدىكى ئەقىدىسى


شەرىئەتنىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بۇيرۇغانلارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگەن. ھېچ نەرسىنى يوشۇرغان ئەمەس. ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن، ھەرقانداق يامانلىقتىن توسقان. بەندىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە دۇئا قىلىش ئۈچۈن بىراۋنىڭ ۋاسىتىسى كېرەك ئەمەس. پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئىنسانلار كەمچىلىكلەردىن ۋە خاتالىقلاردىن پاك ئەمەس.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ خەلىپە ياكى ئىماملىق ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئىسلام دۆلىتىنى مۇسۇلمانلار ئاممىسى رازى بولغان ۋە مەخسۇس شۇرا ھەيئىتى سايلاپ چىققان خەلىپە باشقۇرىدۇ. خەلىپە بولۇپ سايلىنىش ئۈچۈن ئەقىل، ئىلىم، تەقۋالىق، ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا سالاھىيەتلىك بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. خەلىپە ياكى ئىمام قۇرئان ۋە سۈننەت يولىدا ماڭغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر. خەلىپە ياكى ئىمامغا نەسىھەت قىلىش، خاتا كەتكەن يەرلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ھەربىر ئۆلىمانىڭ بۇرچى ۋە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەمما مۇرتەد بولۇپ

كەتمىگەن ياكى قۇرئان، ھەدىسنىڭ ئوچۇق ھۆكۈمىنى رەت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، گەرچە ئۇ پاسىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى ئىنقىلاب قىلىشقا بولمايدۇ.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ فىقھى مەسىلىلىرى ھەققىدىكى ئەقىدىسى



ئىسلام فىقھىنىڭ مەنبەلىرى قۇرئان، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياستۇر. قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ئەڭ ئاساسلىق مەنبە بولۇپ، بۇ ئىككى مەنبە بىلەن بېكىتىلگەن شەرئەت ئەھكاملىرىنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققى يوق. ساھابە ۋە تابىئىين ئۆلىمالىرىنىڭ قىلغانلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈلگىدۇر. ئىجما بىلەن قىياسنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر.

«دىن ۋە ھايات (2000 سوئالغا جاۋاب)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ساھابىلەر ھەققىدىكى ئەقىدىسى


ساھابە «مۇئمىنلىك ھالىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ۋە مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئۆلگەن كىشى» دېمەكتۇر. مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان بولسۇن، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرگەن بولسۇن، ئۇ ساھابە ھېسابلىنىدۇ. ئەھلى سۈننەتنىڭ ساھابىلەر ھەققىدىكى ئەقىدىسى مۇنداق: ساھابىلەر پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش گۇناھتىن ۋە خاتالىقتىن پاك ئەمەس، بەلكى ئۇلارمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇشلار توغرۇلۇق بىر نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس. ئۇلارنى ئىجتىھاد بىلەن ئىش كۆرگەن كىشىلەر دەپ قارايمىز. دىنىي مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلغان ئۆلىمالار توغرىسىنى تاپالىغان

بولسا، ئىككى ھەسسە ساۋابقا، ئەگەر خاتالاشقان بولسا، بىر ھەسسە ساۋابقا ئېرىشكەندەك، ئۇلارنىمۇ توغرا قىلغان ئىشلىرىدا ئىككى ھەسسە ساۋابقا، خاتالاشقان ئىشلىرىدا بىر ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ساھابىلەرنى سۆكمەيمىز. چۈنكى ساھابىلەرنى سۆكۈش ئېغىر گۇناھتۇر.

ئىمام تاھاۋىي مۇنداق دېگەن: «بىز ساھابىلەرنى سۆيىمىز، ئەمما ئۇلارنى سۆيۈشتە ۋە ئۇلارغا ئەقىدە قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمىز، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى سۆكمەيمىز. ئۇلارنى پەقەت ياخشى ئىشلىرى بىلەنلا خاتىرىلەيمىز ۋە ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىمىز. ساھابىلەرنى سۆيۈش ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساننىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارنى يامان كۆرۈش كۇفرىنىڭ، مۇناپىقلىقنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ جۈملىسىدىندۇر».

## ئەھلى سۈننەتنىڭ دوست تۇتۇش ۋە دۈشمەن تۇتۇش ھەققىدىكى ئەقىدىسى

مۇئمىنىنىڭ دوستى پەقەتلا مۇئمىندۇر. شۇڭا، مۇئمىننى قوغداش،




ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، ئۇنى دوست تۇتۇش مۇئمىننىڭ بۇرچىدۇر. مۇئمىن ئادەم بىراۋنى دوست تۇتسا، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ، بىراۋنى يامان كۆرسە، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلارنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. بىرەر مۇئمىن ئادەمنى ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقى ياكى زالىملىقى ۋە ياكى پاسىقلىقى تۈپەيلىدىن دۈشمەن تۇتۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلار[1]» دېگەن سۆزى بۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان كىشىلەرنىمۇ مۇئمىنلىكتىن چىقىرىۋەتمىگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار[2]» .

بىر ئادەمدە ياخشىلىق - يامانلىق، تەقۋالىق - پاسىقلىق، ئىتائەت - ئاسىيلىق قاتارلىق بىر - بىرىگە زىت سۈپەتلەر تېپىلغاندا، ئۇنىڭ ياخشىلىق، تەقۋالىق، ئىتائەتچانلىق تەرەپلىرىنى دوست تۇتۇپ، يامانلىق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىق تەرەپلىرىنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. بىر ئادەم ئەينى ۋاقىتتا ھەم غەمخورلۇققا، ھەم جازاغا لايىق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: يوقسۇللۇقى

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 10 - ئايەت.
[2] سۈرە ھۇجۇرات، 9 – ئايەت.

يۈزىسىدىن دۆلەت خەزىنىسىدىن ياردەمگە تېگىشلىك بولسا، ئوغرىلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن جازاغا تېگىشلىك بولغىنىغا ئوخشاش. ئۇنىڭ يامانلىقى ياخشىلىقىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ياخشىلىق ئۈچۈن ساۋابقا، يامانلىقى ئۈچۈن جازاغا لايىق بولىدۇ.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ۋەسىلە ھەققىدىكى ئەقىدىسى



ۋەسىلە «دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى بىرەر ھاجەتنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر شەخسنى ۋاستە قىلىپ ئارىغا سېلىش» دېگەنلىكتۇر. ئەھلى سۈننەتنىڭ ئەقىدىسىگە كۆرە، ۋەسىلە (يەنى ۋاستە) ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرى بۇيرۇلغان ۋەسىلە، ئىككىنچىسى مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە، ئۈچىنچىسى دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلىدۇر.

بۇيرۇلغان ۋەسىلە قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلەردە بۇيرۇلغان ۋە ساھابىلەر قوللانغان ۋەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار: ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش، ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، گۇناھ - مەسىيەتلەرنى تاشلىغانلىقىنى ۋەسىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلغان ۋەسىلە بولۇپ، ئۇ شېرىك ۋە خۇراپاتتۇر. مەسىلەن: دۇئانى ئۆلۈكلەردىن بىرەرسىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن «يا پىرىم!» ياكى «يا ئىمام غەۋسۇلئەزەم!» ياكى «يا تۆت ئىماملىرىم!» ياكى «يا ئىمام جەفىرى تەيران!» «ئاللاھ تائالادىن ماڭا پەرزەنت تىلەپ بەرگىن، بايلىق تىلەپ بەرگىن، شىپالىق تىلەپ بەرگىن»... دەپ سورىغانغا ئوخشاش.

يول قويۇلغانلىقىغا دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلە – قۇرئان كەرىمدە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ياكى ئۆلگىلىك ساھابىلەرنىڭ دۇئالىرىدا ئۆرنىكى كەلمىگەن ۋەسىلە تۈرى بولۇپ، «ئى ئاللاھ! پالانىنىڭ ھەققى – ھۆرمىتى بىلەن مېنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلىگەنلىرىمنى بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پەتىۋا

ئىشلار كومىتېتىدىكى ئۆلىمالار «ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى بىلەن... دەپ دۇئا قىلسا بولامدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «دۇئادا ‹ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ياكى بەرىكىتى يا ئۇلۇغلۇقى يۈزىسىدىن مېنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلەكلىرىمنى بەرگىن› دەپ ۋەسىلە قىلىش شىرىك سانالمايدۇ، ئەمما شىرىككە بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن مۇنداق ۋەسىلىنى قىلماسلىق كېرەك.»[3]

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ئىمان ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى تۆۋەندىكى ئالتە ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
2. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
3. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
4. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.



5. قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.
6. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

يۇقىرىقى ئالتە ھەقىقەتكە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلغان ئادەم «مۇئمىن» دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر

[3] www.islamQA.com



ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق - يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ، قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت».[4]

ئىمان كەم - زىيادە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئىمان زىيادىلىشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ، ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇش ۋە گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئىمان ناقىسلىشىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ. مانا بۇ، ئىماننىڭ كەم - زىيادە بولىدىغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۆئمىنلەر پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە يۈرەكلىرى تىترەيدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، رەببىگە يۆلىنىپ ئىشەنچ باغلايدىغان كىشىلەردۇر».[5]

## ئەھلى سۈننەتنىڭ ئىسلام، ئىمان ۋە ئەمەل ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان زىچ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتتۇر. ئىسلام ئىمان ۋە ئەمەل دېمەكتۇر. چۈنكى ئىمان ئېتىقادقا، ئەمەل شەرىئەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئېتىقاد بىلەن شەرىئەت ئىككىسى بىرلىكتە ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنغان.

[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[5] سۈرە ئەنفال، 2 - ئايەت.

# سۈننەتنىڭ دىندىكى ئورنى



دوكتور
ئابدۇلئەزىز ئارتۇشي

**مۇقەددىمە**

كۈنىمىزدە دىنىي تونۇغا ئورۇنىۋالغان بەزى ئىنسانلار دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىنى بىلمەستىن، «قۇرئان بىزگە كۇپايە قىلىدۇ، قۇرئاندىن باشقىسى لازىم ئەمەس»، يەنى سۈننەتكە كىرەك يوق دەيدىغان سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئەڭ زور ئېھتىياجى بولغان بۈگۈنكىدەك ھالقىلىق پەيىتتە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە - پاسات چىقىرىپ، ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان بىر ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولماقتا. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىمدە ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

قۇرئانچىلار «قۇرئان بىزگە يېتەرلىك، قۇرئاندىن باشقىسى لازىم ئەمەس» دەيدىغان سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار بۇ سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى كۆزگە ئىلمىغان ھالدا ھۇجۇم قىلىپ، سۈننەتنىڭ دىندىكى قىممىتى، ئورنى، رولى ۋە زۆرۈرلۈكى ھەققىدە گۇمان پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇلارنىڭ قىلمىشى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ھۇجۇملىرىغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بەزى نادان ۋە دىنىي ئىلمىلەردىن يېتەرلىك خەۋىرى بولمىغان كىشىلەر بۇنداق خاتا چۈشەنچىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، سۈننەتكە ئەگىشىشتە بوشاڭلىق بىلەن سەل قاراپ، «سۈننەتكە ئەمەل قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەندەك خاتا پوزىتسىيەدە بولۇپ، ھەرقانداق بىر تېمىدا سۈننەت دەلىل سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭغا سەل قاراپ سۈننەتتىن كەلتۈرۈلگەن دەلىللەرگە قايىل بولماستىن، پەقەت قۇرئاندىن دەلىل ئىزدەشكە تىرىشىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىم سۈننەتتىن ئايرىۋېتىلگەندە، ھەركىم ئۆزى خالىغانچە تەپسىر ۋە تەئۋىل قىلىدىغان بىر كىتابقا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام

دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ھۇجۇم قىلىش يوللىرى تېخىمۇ كەڭ ئېچىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتلىرىگە يېتىشى ئوڭايلىشىدۇ.

قۇرئان كەرىم شەرىئەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا دەلىل جەھەتتە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئالدى بىلەن قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلغان. سۈننەت ئىسلام دىنىدا قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇرۇندىن تارتىپ قۇرئانغا قانداق ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، سۈننەتكىمۇ شۇنداق ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم، بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ئازمايسىلەر» دېگەن بۇ مۇھىم تەۋسىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن دۇنيادا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سۈننەتنىڭ تارقىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگەشكەن بىر مۇسۇلمان ھەقىقىي مەنىدىكى قۇرئانچىدۇر.

## سۈننەت ۋە ھەدىس

سۈننەت لۇغەتتە «يول، ئۇسۇل، مېتود، ئادەت ۋە ئەنئەنە» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. سۈننەتنىڭ ئۇقۇم مەنىسىگە كەلسەك، گەرچە فىقھى، ھەدىس ۋە كالام ئىلىملىرىدە پەرقلىق تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش نۇقتىسىدا ئىتتىپاقلىشىدۇ[1]. كالام ئۆلىمالىرى سۈننەتنى «ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئەقىدە ۋە ئەمەلدە ماڭغان يولى» دەپ تەرىپلىگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۈننەت ئۈممەتنىڭ ئاساسلىق دىنىي چۈشەنچىسىنى، بىدئەت ۋە زالالەت بولسا بۇ يولدىن چەتنەپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ[2].

ھەدىس لۇغەتتە «يېڭى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قەدىم» سۆزى بىلەن مەنە جەھەتتىن قارىمۇقارشى سۆزدۇر. بەزى ئۆلىمالار «قەدىم» دېگەن سۆزدىن «قۇرئان كەرىم» كۆزدە تۇتۇلسا،

[1] مۇرتەزا بەدىر، «سۈننەت»، تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2010)، 38/150 - 153.

[2] ئىلياس چەلەبى، «ھەدىس»، تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2010)، 38/153 - 154.

«ھەدىس» دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى چۈشەندۈرگەن سۆزلىرى «سۈننەتى قەۋلىيە»، ئىش– ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر «سۈننەتى فىئلىيە»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقۇللاش يۈزىسىدىن سۈكۈت قىلغانلىرى «تەقرىر» دەپ ئاتالغان. ھەدىس ئالىملىرى ھەدىس بىلەن سۈننەتنى مەنىداش سۆزلەر دەپ قارىغان. قۇرئان كەرىمدە ﴿سُنَّةَ اللَّهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلُ﴾ «بۇ ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر»[3] . بۇ ئايەتتە «سۈننەت» سۆزى «يول» مەنىسىدە كەلگەن. ھەدىستە «سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى مەھكەم تۇتۇڭلار»[4] دەپ كەلگەن. بۇ ھەدىستە «سۈننەت» سۆزى ھەدىس مەنىسىدە كەلگەن.

**ئەھلى سۈننەت ئۇقۇمى:**

لۇغەتتە «مەنىۋى جەھەتتىن تاللانغان يول» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت» ئىپادىسىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر. بۇ يەردىكى سۈننەت دىنىي تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. جامائەت ئۇقۇمى بولسا ئىسلام دىنىنى تۆنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان ۋە ئېتىقاد، ئىبادەت، قانۇن ۋە ئەخلاق جەھەتتىن ئىسلام دىنىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزگەن ساھابىلەر جامائىتى كۆزدە تۇتۇلغان[5].

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئەھلى سۈننەتنى دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرىنىڭ تۇتقان يولىغا ئەگەشكەنلەر، دەپ تەسۋىرلەش مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلار بىدئەتچىلەردۇر.

## قۇرئان بىلەن سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق

قۇرئان بىلەن سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئايرىلماس باغنىڭ بولۇشى بىلەن بىرگە بۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. قۇرئان ئەقىدە، ئىبادەت ۋە مۇئامىلىگە ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىسى قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىس بىلەنلا بېكىتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى يېزىپ خاتىرىلەپ تۇرۇشقا مەخسۇس كاتىپلارنى بېكىتكەن. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سۈننەتكە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دەسلەپتە سۈننەتنى خاتىرىلەپ يېزىشتىن توسقان. قۇرئان كەرىم نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن يادلىنىپ ۋە

[3] سۈرە ئەھزاب، 62 - ئايەت.

[4] «سۈنەن ئىبنى ماجە»، 2004 چىن مۇسۇلمانلىرى (3)، 7 – بەت

[5] يۈسۈف شەۋكى ياۋۇز، «ئەھلى سۈننەت»، تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1994)، 525/10 - 530.

يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىپ يېتىپ كەلگەن. قۇرئان كەرىم لەۋزى، مەزمۇنى، ئۇسلۇبى، تەرتىپى ۋە تۈزۈلۈشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق نازىل قىلىنغان بولسا، ھېچقانداق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىماستىن، شۇ پېتى بىزگە يېتىپ كەلگەن. ئەمما سۈننەت سۆزمۇ سۆز ئەمەس، بەلكى مەنە ۋە مەزمۇن بويىچە يېتىپ كەلگەن[6].

سۈننەت قۇرئان كەرىمدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇرەككەپ مەزمۇنلارنى روشەن يېشىپ بەرگۈچى بىردىنبىر مەنبەدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان بولۇپ، بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنداقتىمۇ ئوخشىمىغان فىقھى مەزھەپلەردە نامازنىڭ ئادا قىلىنىشىدا بەزى ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. ناۋادا بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرمىگەن بولسا، قانداق بولار ئىدى؟ سۈننەتنى قۇرئانغا ئوخشاشلا ۋەھيى دەپ دەۋا قىلىشمۇ ھەقىقەتنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. گەرچە بەزى ئالىملار جىبرىئىلنىڭ سۈننەتنىمۇ قۇرئانغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۈننەتنى قۇرئاندىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق دەستۇرىدۇر، ئۇ قۇرئانغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ۋەھيى ۋە ئىلھامنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، لەۋزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، مەنىسى ئاللاھقا تەۋە دەپ قارىغان ۋە ئۇنى ھېچقاچان قۇرئانغا ئوخشاش تىلاۋەت قىلىنىدىغان ھەم لەۋزى، ھەم مەنىسى ئاللاھقا تەۋە ۋەھيى دەپ قارىمىغان[7].

## قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

قۇرئانچىلار ئىسلام دۇنياسىدا «ئەھلى قۇرئان»، «قۇرئانىيۇن» دەپ ئاتالغان ۋە قۇرئاننى ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دەپ قوبۇل قىلىپ، ھەدىسلەرنى رەت قىلىدىغان پىكىر سىستېمىسى بولۇپ، بۇ چۈشەنچە تۈنجى قېتىم 8 – ئەسىردە خاۋارىجلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلانغان. خاۋارىجلار شۇ زامانلاردا «قۇرئان بىزگە يېتىدۇ» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەدىسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىر ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانىدى. بۇ چۈشەنچە ئىسلام تارىخى بويىچە ئاز بىر قىسىم پىرقە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. بۇ پىكىر يېقىنقى زاماندىكى بايراقدارلىرى

[6] 2004 چىن مۇسۇلمانلىرى (3)، 10 - بەت.

[7] م. ياشار كاندەمىر، «ھەدىس»، تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، (ئىستانبۇل: ت د ۋ نەشرىياتى، 1997)، 27/15 - 64.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىنگلىز مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ھىندىستاندا غۇلام ئەھمەد قادىيانىي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىستاندا ئابدۇللاھ چەكرالىۋىي قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان[8]. چەكرالىۋىي ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەھلى ھەدىس بولۇپ ئۆتكۈزگەن. بىراق ئۇ كېيىن بۇ پىكرىدىن يىراقلىشىپ، سۈننەتكە قارشى قاتتىق رەقىبكە ئايلانغان. ئۇ 1902 - يىلى لاھوردا «ئەھلى زىكىر ۋە قۇرئان» نامىدا بىر جەمئىيەتنىڭ كىملىكى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ دىنىي - پىكرىي ھەرىكەت ئۇ دەۋردە ياشىغان بىر قىسىم ئالىملارنىڭ پىكرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان.

ئۆز ۋاقتىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ باشقۇرۇش ئۈچۈن، غۇلام ئەھمەد قادىيانىيگە ئوخشاش شەخسلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ سۈننەتنى ئىنكار قىلىشتەك بولمىغۇر پىكىرلەرنى قوللاپ – قۇۋۋەتلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بەزى نادان كىشىلەر ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ، مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ دېيىغا ئۇسۇل ئويناش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇراد ۋە مەقسەتلىرىگە ئاسان يېتىشى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن. ئەمما ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئانچىلارنىڭ سۈننەتنى ئىنكار قىلىشتەك بۇ كۇفرىي پىكىرلىرىگە قاراپ تۇرماستىن، ئۆتمۈش تارىختا ئازغۇن پىرقەلەرگە قارشى قانداق كۆرەش قىلغان بولسا، بۇلارغىمۇ ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بەرگەن ۋە قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان[9].

1857 - يىلىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان رايونغا بۇيۈك بىرىتانىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئەۋەتكەن غەرب مىسسىيونېرلىرى، ئالىم ۋە سىياسىيونلار قۇرئان، ھەدىس، فىقھى ۋە ئىسلام تارىخى ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەن. بۇ مۇنازىرە نەتىجىسىدە مەغلۇبىيەت ئىچىدە قالغان بىر قىسىم مۇسۇلمان ئالىملار بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلغان دىندۇر، دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خاتا دىن چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ھەدىس، يەنى سۈننەتتۇر[10]. مەۋدۇدىي بۇ چۈشەنچىنى ئۇزۇن بىر زاماندىن كېيىن ھىندىستاندا سەييىد ئەھمەدخان ۋە غۇلام ئەھمەد پەرۋىزگە ئوخشاش بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ

[8] ئابدۇلھامىت بىرئىشىق، «قۇرئانىييۇن»، تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2002)، 26/428 - 429.

[9] بىرئىشىق، «قۇرئانىييۇن»، 26/428 - 429.

[10] بىرئىشىق، «قۇرئانىييۇن»، 26/428 - 429.

ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بۇ ئىدىيەسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب پەلسەپەسى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەغلۇبىيىتىنىڭ پىسخىكىلىق نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ[11].

19 - ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستاندا دىنىي زاتلار بىلەن مۇنازىرە ئۆتكۈزگەن مىسسىيونېرلار مائارىپ، ئىلىم - پەن ۋە سىياسىي ئەربابلار شۇنداقلا شەرقشۇناسلار بۇ پىكرىي ھەرىكەتنىڭ تېز تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس سەييىد ئەھمەد خان بولغان. ئۇلار سۈننەتكە قارشى بۇ ھەرىكەتنى ئۆزلىرىنىڭ نەشر ئورگانلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلار ئاچقان مائارىپ ۋە تەربىيەلەش ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يېڭى مائارىپ ئاپپاراتلىرىدا ئوقۇغان ياشلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمەت خىزمىتى بەرگەن ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنى ئەنگلىيە كامبرىج ۋە ئوكسفورد قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن[12].

1920 - يىلىغىچە كەسكىن داۋاملاشقان بۇ پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە، سۈننەتكە قارشى تۇرىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد بارلىققا كەلگەن. بۇ پىكىرنى ياقىلىغانلارغا بۇرۇن «مۇنكىرىي ھەدىس» ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە «ناتۇرالىست» قاتارلىق ئىسىملار بېرىلگەن بولسا، كېيىن ئابدۇللاھ چەكرالىۋىي بىلەن بىرلىكتە ئەھلى قۇرئان يەنى قۇرئانچىلار دەپ ئاتالغان. ئەينى يىللاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلىنىشلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدا ئوسمانلى زېمىنى ۋە شىمالىي ئافرىقادىمۇ بارلىققا كەلگەن. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكىگە ئوخشاش سىستېمىلىق ۋە ئۇزلۇكسىز بولمىغان.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىردا مۇھەممەد تەۋفىق سىدقىيغا ئوخشاش قۇرئانچىلارنىڭ ئىدىيەسى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەقلىد قىلىشنى رەت قىلىشى ۋە قۇرئانغا ئەھمىيەت بېرىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. 21 - ئەسىردە قۇرئانچىلارنىڭ بۇ ئىدىيەسى ھەرقايسى دۆلەتلەردە تارقالغان. «قۇرئان مۇسۇلمانلىقى، بىردىنبىر مەنبە قۇرئان، پەقەت قۇرئان كۇپايە» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ۋە پىكىرلەر بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۈركىيەدىمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان.

تۈركىيەدە قۇرئان ئىسلامچىلىقىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىشنىڭ ئىككى ئاملى بار بولۇپ، بۇلار شەرقشۇناسلار ۋە ئىسلامىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈنكى، بۇ چۈشەنچىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تارقىلىشىدا

[11] بىرئىشىق، «قۇرئانىيىيۇن»، 26/428 - 429.
[12] بىرئىشىق، «قۇرئانىيىيۇن»، 26/428 - 429.

شەرقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. لېكىن، تۈركىيە دىنىي ئىشلار باشقارمىسى ۋە كۆپىنچە سۈننىي ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەش ۋە تەنقىدكە ئۇچرىغان. بۇ ئىدىيە شەرقشۇناسلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان ئاز بىر قىسىم تەتقىقاتچى ۋە زىيالىيلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە سۈننىي ئالىم ۋە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان[13]. بۇ ئىدىيەنى قوغدايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىسلامچى قاراشلىرىدىن يىراقلاشقان. ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، سۈننىي مەزھىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەر ۋە كۆپىنچە سۈننىي ئۆلىمالار تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىد ۋە قارشىلىققا ئۇچرىغان. نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە قۇرئانچىلار سۈننەتكە قارشى بۇ پوزىتسىيەسى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنىپ قاتتىق جازالانغان.

## قۇرئانچىلارنىڭ بەزى ئىدىيەلىرى

«قۇرئان مۇسۇلمانلىقى، بىردىنبىر مەنبە قۇرئان، پەقەت قۇرئان كۇپايە» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ۋە پىكىرلەر بىلەن گويا قۇرئان ئىسلامنى قوغدىغۇچىلار تونىغا ئورىنىۋالغان بۇ گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق كۆز قارىشىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىشقا بولىدۇ:

قۇرئان دىندىكى بىردىنبىر ھاكىم مۇتلەق ۋە بىردىنبىر ئاساس مەنبە. قۇرئاندا نەسخ (بەزى ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇشى) يوق بولۇپ، قۇرئاننىڭ بارلىق ئايەتلىرى مۇھكەمدۇر. قۇرئان چۈشىنىشلىك بولۇپ، قۇرئاننى ئوقۇغان ھەر كىشى ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ. قۇرئان ئىسلاھاتچى (ئىنقىلاب خاراكتېرلىك) بولۇپ، (ئۇ يېڭىلىقچىدۇر)، ئۇقۇملارغا يېڭى مەنالار يۈكلىگەن. قۇرئاننى چۈشىنىپ ئوقۇش كېرەك. چۈشەنمەستىن ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق. ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ قۇرئاننى بىۋاستە ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ ۋە چۈشەندۈرەلەيدۇ. قۇرئاننىڭ ئۇستازى ئاللاھتۇر. قۇرئاندا ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئوخشىمىغان كۆزقاراش ۋە ئادەتلىرى بار، دېگەنگە ئوخشاش قارىماققا توغرىدەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇستىدە بىر ئاز چوڭقۇر چۈشەنگەندە پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق ۋە كۆز بوياmچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسلام ۋە قۇرئان روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر چۈشەنچە، ئىدىيەدۇر[14].

## شەرقشۇناسلارنىڭ سۈننەت چۈشەنچىسى

شەرقشۇناسلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنى خاتىرىلەپ يېزىشنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، ساھابىلەر تەرىپىدىن ناھايىتى ئاز ھەدىسلەرنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى، ھەدىس توپلىمىنى

[13] بىرئىشىق، «قۇرئانىييۇن»، 26/428 - 429.

[14] بىرئىشىق، «قۇرئانىييۇن»، 26/428 - 429.

تولدۇرىدىغان رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىشقا چارە تېپىش ئۈچۈن ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەسىرلەردە ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى تەرىپىدىن توقۇلغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

ئۇلار يەنە ھەدىسلەرنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن بىر - بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەۋرات، ئىنجىل ۋە كونا خۇراپاتلاردىن ئېلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھالبۇكى مۇسۇلمانلارنى ئەھلى كىتابنى دوراشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان پەيغەمبەرنىڭ ئىنجىلدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. شەرقشۇناسلارنىڭ ئۆزىنى ئىلمىي دەپ دەۋا قىلىپ، ھەدىسلەرنى ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىغا قاراپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ سەھىھ ۋە توغرا ھەدىسلەرنىڭمۇ مەلۇم ۋاقىتتا ۋە مەلۇم بىر مەقسەت بىلەن توقۇلۇپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئۇلارنىڭ بۇ خاتا كۆز قارشىنىڭ ئىلمىيلىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاساسلىق ئىدىيە بولسا، ئىسلامنىڭ ئىلاھىي ۋەھىيگە تايانمىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت بىمەنە بىر نەزەرىيەدۇر[15].

## قۇرئانچىلارنىڭ ئىدىيەلىرىگە قارشى قۇرئاندىن دەلىللەر

دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىنى مەككىگە بېرىپ بىۋاسىتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالمىغان. ئەكسىچە ساھابىلەر ۋاستىسى بىلەن ھەتتا نۇرغۇن مىللەتلەر تابىئىنلار ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغان. دىيارىمىزدا بولسا قاراخانيلار زامانىدا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ دەۋەتلىرى نەتىجىسىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. بۇ مىللەتلەر قۇرئاننى ئوقۇشنىمۇ بىلمەيتتى. بۇلارغا قۇرئان ئوقۇشنى ۋە مەنىسىنى ئۆلىمالار چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. بۇ ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، قۇرئاننى ساھابىلەر ۋاستىسى بىلەن ئۆگەنگەن. دېمەككى، بۇ ئۆلىمالار ۋە ساھابىلەر قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روشەن بايان قىلىپ بېرىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە ئۆگەنگەن. شۇڭا قۇرئان بىلەن سۈننەتنى ئايرىم تۇتۇشقا بولمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن، بۇ ماقالىمىزدا «قۇرئان بىزگە كۇپايە قىلىدۇ. قۇرئاندىن باشقىسى لازىم ئەمەس»، يەنى سۈننەتكە كېرەك يوق، بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەيدىغان كۆز

[15] كاندەمىر، «ھەدىس»، 27/15 - 64.

قاراشنىڭ قۇرئاننىڭ روھىغا ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىمىز. ئۆزلىرىنى قۇرئانچى دەۋالىغان بۇ ئىنسانلار سۈننەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ۋە مول ھەدىسلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان قۇرئان كەرىمدىن دەلىل ۋە پاكىتلار كەلتۈرۈشكە تىرىشىمىز.

بىز ئالدى بىلەن قۇرئاننىڭ سۈننەتكە بەرگەن باھاسى ۋە قىممىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى مەزمۇنلارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويىمىز:

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ئايەتلەر

پەيغەمبەرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ مۇھىم پىرىنسىپلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئىسمى كەلىمەئى شاھادەتتە (لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن راسۇلۇللاھ) ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا يەنى پەيغەمبەرگە ئىشىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا قۇرئاندا نۇرغۇن ئايەتلەر بار بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى بۇلاردىن ئىبارەت:

«ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى: ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھقا، ئۇنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار.[16]» يەنە «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىكەن (ئۇ كاپىردۇر)، شۈبھىسىزكى، بىز كاپىرلارغا دوزاخنى تەييارلىدۇق.[17]»

بۇ ئايەتلەردە ئوچۇق قىلىپ ھەقىقىي ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرىنىڭ پەيغەمبەرگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئىكەنلىكى، ئەكسىچە بولغاندا كاپىرلاردىن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرگە ئىشىنىش پەقەت ئېغىزدا ئىمان ئېيتىش بولماستىن، ئۇنىڭ ئاللاھتىن تاپشۇرۇۋالغان ۋە بىزگە بىلدۈرگەن، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل بۇيرۇق، چەكلىمە، نەسىھەت ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ، ئۇنىڭ ئانالىز ۋە چۈشەندۈرۈشىنىڭ توغرىلىقىنى قوبۇل قىلىش، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ھەر جەھەتتىن ئۈلگە ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

[16] سۈرە ئەئراف، 158 - ئايەت.
[17] سۈرە فەتھ، 13 - ئايەت.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەر

قۇرئاندا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن پەيغەمبەرگە ئىتائەت بىللە تىلغا ئېلىنغان. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش پەقەت ھايات ۋاقتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ۋاجىپتۇر. بۇ ئىتائەت ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان، ماڭا قارشى چىققان ئاللاھقا قارشى چىققان كىشىدۇر. ماڭا ئىتائەت قىلغان مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنغان كىشىدۇر[18]». بۇ ھەدىسنى قوللايدىغان ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى تەكىتلەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار بولۇپ، بىر قانچە ئايەتنى مىسال قىلىپ ئۆتىمىز:

«... پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.[19]»

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر›. ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار›. ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كاپىرلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ.[20]»

بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن قول ئۈزۈشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىنى دوست تۇتۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنغان.

يەنە: «بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار ئاللاھنى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى.[21]»

بۇ ئايەتتە ئېنىق ۋە ئومۇمىي بىر ھۆكۈم بولغان ھالدا، پەيغەمبەرنى پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا ئىتائەت

[18] بۇخارىي رىۋايىتى.

[19] سۈرە ھەشر، 7 – ئايەت.

[20] سۈرە ئال ئىمران، 31 –، 32 - ئايەتلەر.

[21] سۈرە نىسا، 64 – ئايەت. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە ئال ئىمران، 132 - 172 – ئايەتلەر؛ سۈرە نىسا،13،59،61، 65، 69 – ئايەتلەر؛ سۈرە نۇر، 51 – 54 – ئايەتلەر؛ سۈرە ئەئراف، 157 – ئايەت؛ سۈرە مۇھەممەد، 33 - ئايەت.

قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۈبھىسىزكى، بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىتائەت پەقەت قۇرئاننىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشلا ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق بولسا ئىدى، قۇرئاننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىرلىكتە زىكىر قىلىنمىغان بولاتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىشنى مەنئى قىلغان ئايەتلەر

ئاللاھ قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا ھەر قانداق تەرىقىدە قارشى تۇرۇش ياكى ئىسيان كۆتۈرۈشنى چەكلەپ، مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.[22]» يەنە «كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم

[22] سۈرە نىسا، 14 – ئايەت.

نېمىدېگەن يامان جاي![23]» باشقا بىر ئايەتتە «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ.[24]»

بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان ۋە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىيەتتۇر. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ھاياتىدا ئۇنى ئۈلگە قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. «بۇ ئايەتلەر مۇناپىقلار ۋە كاپىرلار ئۈچۈندۇر، مۆئمىنلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق» دەپ قاراش ئەمەلىيەتتە مۆئمىنلەر پەيغەمبەرگە بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك بولۇپ، بۇ قۇرئاننىڭ روھىغا قەتئىي زىتتۇر. پەيغەمبەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاللاھ ئۇنى ئازارلىغانلارنىمۇ ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلارنى ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن

[23] سۈرە نىسا، 115 – ئايەت.

[24] سۈرە ئەنفال، 13 – ئايەت. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە نىسا، 42، 80 – 81 – ئايەتلەر؛ سۈرە ئەنفال، 27 – ئايەت؛ سۈرە مۇھەممەد، 32 - ئايەت.

يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ.[25]» قۇرئانچىلار بۇ ئوچۇق ئايەتلەر ھەققىدە نېمە دەيدۇ، ئەجەبا!

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش ۋە سۆيۈشنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئايەتلەر

ئاللاھ قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ئېغىزدىلا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ھەقىقىي ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ شەرەپ ۋە قەدىر قىممىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر...[26]». بۇ ئايەتتىن ھەرقانداق ئەھۋالدا مۆئمىنلەر ئۆز نەپسىدىن بۇرۇن پەيغەمبەرنى ئويلىشى كېرەكلىكىنى، ئەكسىچە بولغاندا مۆئمىنلىق سۈپىتىگە ھەرگىز ماس كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇنۇ ھەدىس بۇنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: «مەن سىلەرگە ئۆز ئاتا ئانىلاردىن، بالا - چاقىلىرىڭلاردىن ۋە بارلىق ئادەملىرىدىنمۇ ياخشى كۆرۈلمىگۈچە، ھېچقايسىڭلار ھەقىقىي مۆئمىن بولمايسىلەر.[27]»

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۇنىڭغا بەرگەن يۈكسەك باھاسى ۋە قەدىر قىممىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن ئايەتلەر كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى مۇنۇ ئايەتلەردۇر: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)[28].» ؛ «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.[29]» ؛ «ئى مۆئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى

[25] سۈرە ئەھزاب، 57 – ئايەت. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ئايەتلەرمۇ بار بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە تەۋبە، 61 – 62 – ئايەتلەر.

[26] سۈرە ئەھزاب، 33 – ئايەت.

[27] بۇخارىي، ئىمان: 8؛ مۇسلىم، ئىمان: 70؛ نەسەئىي، ئىمان: 19.

[28] سۈرە ئەھزاب، 56 – ئايەت.

[29] سۈرە ھۇجۇرات، 1 – ئايەت.

قىلماڭلار، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ.[30]»

بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان ھالدا، سۈننەتنى ۋە پەيغەمبەرنى كۆزگە ئىلماسلىق ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەلكى سۆز قىلغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىۋالماسلىق، ھەتتا ئۇنىڭ ئالدىدا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمەسلىك كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمىغاندا بارلىق ئىبادەت ۋە ئەمەللىرىنىڭ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر قىلىدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇ تېمىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ:

«ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر كامىل مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار (مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق) بىر ئىش ئۈستىدە (مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن) پەيغەمبەر بىلەن جەم بولغان چاغلىرىدا، پەيغەمبەردىن ئىجازەت سورىمىغىچە كېتىپ قالمايدۇ، سەندىن ئىجازەت سورايدىغانلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەردۇر. بەزى شەخسىي ئىش ئۈچۈن ئۇلار سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، ئۇلارغا سەن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.[31]»

بۇ ئايەت بولسا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلماسلىق توغرىسىدا جانلىق مىسالدۇر. ئايەتتە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ خەتەر ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئازابلىق جازادىن ساقلىنىشى ئاگاھلاندۇرۇلغان. بۇنىڭدىن سۈننەتنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن كاتتا نېمەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆمىنلەر ئۈچۈن كاتتا بىر نېمەت ئىكەنلىكى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر

[30] سۈرە ھۇجۇرات، 2 – ئايەت.

[31] سۈرە نۇر، 62 – ئايەت. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ئايەتلەرمۇ بار بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە ھۇجۇرات، 3 – 5 – ئايەتلەر؛ سۈرە ئەھزاب، 53 – ئايەت.

ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئىھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى[32]» يەنە «)ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.[33]» بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ ئايەتلەر بار بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن قۇرئانغا قاراڭ[34].

شۈبھىسىزكى، بۇ بۈيۈك نېمەت ئالدىدا ئىنسانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى بولسا بۇ مېھىر - شەپقەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئۈلگە قىلىپ پەيغەمبەر ئەۋەتىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختتۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن ئايەتلەر

قۇرئاندا ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ دىندىكى ئورنىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئۇنىڭ ئۈلگىلىك، نەمۇنە شەخس ئىكەنلىكىنى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.[35]»

قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۈلگىلىك بىر زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپلا قالماستىن، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئەۋزەل ۋە بۈيۈك بىر ئەخلاققا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « )ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.[36]» ھەزرىتى ئائىشەمۇ ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ قۇرئانىنىڭ ئەخلاقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئانىنىڭ سىرتىدىمۇ ۋەھيى كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان ئايەتلەر

قۇرئانچىلارنىڭ سۈننەتكە قارشى چىقىشلىرىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولسا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سۈننەت ۋە ھەدىسلەرنى پۈتۈنلەي ۋەھيىنىڭ سىرتىدا دەپ خاتا چۈشەنگەنلىكىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، سۈننەتمۇ ۋەھيىگە تايىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئانىنىڭ سىرتىدا ۋەھيى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن ئايەتلەر باردۇر.

---

[32] سۈرە ئال ئىمران، 164 - ئايەت.

[33] سۈرە تەۋبە، 128 - ئايەت.

[34] سۈرە بەقەرە، 151 – ئايەت. سۈرە تەۋبە، 61 - 62 - 63 - 65 - 66 – ئايەتلەر؛ سۈرە ئەنبىيا، 107 – ئايەت؛ سۈرە جۇمۇئە، 2 - 3 - ئايەتلەر.

[35] سۈرە ئەھزاب، 21 - ئايەت.

[36] سۈرە قەلەم، 4 - ئايەت.

«ئاللاھ ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ ئۇ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[37] ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن كىتاب بىلەن بىرگە ھېكمەت (ئەقىل ۋە سۈننەت) نىمۇ بىللە بەرگەنلىكى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ساڭا ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۇردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.»[38]

ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە ئۆزىگە نازىل بولغان كىتاب ۋە ھېكمەتنى تولۇق ئۈممىتىگە يەتكۈزگەن. بۇ توغرىدا قۇرئان مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدەك (سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھتىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سەھىھ سۈننەتني) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.»[39] بۇ توغرىدا قۇرئاندا كۆپلىگەن ئايەتلەر بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە قاراڭ[40].

بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەردە كىتاب بىلەن بىرگە زىكىر قىلىنغان «ھېكمەت»نى ئومۇمەن ئالىملار رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن «سۈننەت» دەپ ئىزاھلىغان. چۈنكى، قۇرئان ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن «ھېكمەت» (ئەقىل سۈننەت) ئايرىم زىكىر قىلىنغان. يەنە قۇرئاندا، نازىل قىلىنغان كىتابلاردىن باشقا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ۋەھيىلەر ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا بەزى ئۇچۇرلارنى ئۇچرىتىمىز[41]. بۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرلەردىن بولمىغان ھەزرىتى مەريەمگە قىلىنغان خىتابمۇ بۇ خىلدىكى ۋەھيىلەردۇر[42]. پەيغەمبەرلەردىن

---

[37] سۈرە شۇرا، 51 - ئايەت.

[38] سۈرە نىسا، 113 - ئايەت.

[39] سۈرە بەقەرە، 151 - ئايەت.

[40] سۈرە بەقەرە، 129 –، 231 – ئايەتلەر؛ سۈرە ئال ئىمران، 164 – ئايەت؛ سۈرە نىسا، 113 – ئايەت؛ سۈرە ئەھزاب، 34 – ئايەت؛ سۈرە جۇمۇئە، 2 - ئايەت.

[41] سۈرە ئەنكەبۇت، 31 - 32 ئايەتلەر؛ سۈرە ھىجر، 52 - 77 ئايەتلەر؛ سۈرە ئال ئىمران، 38 - 40 ئايەتلەر.

[42] سۈرە ئال ئىمران، 42 - 45 ئايەتلەر.

بولمىغان ئىنسانلارغا بىرىلگەن بۇ خىل ۋەھىيلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەرگىز بىرىلمىگەن دەپ قاراش ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ قۇرئاندىن سىرت ئاللاھنىڭ خىتابى بولغانلىقىنى بايان قىلىدىغان كۆپلىگەن ئايەتلەردىن بىرى بولسا مۇنۇ ئايەتتۇر: «(بەش) نامازغا بولۇپمۇ ناماز دىگەرگە ئەھمىيەت بىرىڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار.) ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.[43]» يەنە «ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.[44]»

بۇ ئايەتلەردىن ئېنىقكى، سۈننەتنىڭ مەنبەسى ۋەھيىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەت شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەشتە قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش دەلىل بولالايدۇ. شۇڭا سۈننەتكە ئەگىشىپ، ئۇ بويىچە ئەمەل قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈردۇر. بۇ قاراش ئازبىر قىسىم بىدئەتچىلەرنى ھىسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ ئورتاق پىكرى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ئاللاھقا ئەگىشىش بولىدىغانلىقىنى جىكىلەيدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىھادى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان دىنىي سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ قارار ۋە بايانلىرىدا بەزى خاتالىقلار يۈز بەرگەندە، دەرھال ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ بارلىق سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ كونتروللۇقىدىدۇر[45].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئاننى بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى تەبلىغ قىلىش بىلەن بىرگە، قۇرئاننى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئايەتلەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

«قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[46]»

پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى بۇ ھۆكۈم ئەلۋەتتە پەيغەمبەر

[43] سۈرە بەقەرە، 238 – ئايەت.

[44] سۈرە نەجم، 3 - 4 ئايەتلەر. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە يۇنۇس، 15 – ئايەت؛ سۈرە ئەھقاف، 9 – ئايەت؛ سۈرە بەقەرە، 142 - 144 ئايەتلەر.

[45] سۈرە تەۋبە، 43، 84 - ئايەتلەر: سۈرە ئەنغال،67 - ئايەت.

[46] سۈرە ئىبراھىم، 4 - ئايەت.

ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ كۆچكە ئىگە. رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاننى چۈشەندۈرۈشى ۋە بايان قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە بەزى قوشۇمچە بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. «(پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) دەلىللەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق)، بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) تەپەككۇر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق[47]» ، «(ئى پەيغەمبەر!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق[48]» ، «(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن، ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر[49]» .

بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە بايان قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى بەرگەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى ھېچقاچان ياردەمسىز تاشلاپ قويمىغان، قۇرئاننىڭ سىرتىدا ئۇنى قۇرئاندىن باشقا ۋەھيىلەر بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن. شۇنداقلا ئىزاھقا موھتاج بولغان بەزى ئايەتلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن نازىل بولىدىغان ئايەتلەر ئارقىلىق پەيغەمبەر تەرىپىدىن تېخىمۇ ئوچۇق ئىزاھلىنىپ چۈشەندۈرۈلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

ئاللاھ بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە ئەڭ ئىقتىدارلىق كىشى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى: ئىخچام ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىش، بەزى ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى خاسلاشتۇرۇش، چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر قىسىم ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش، كونكرېت بولغانلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بەزى ئاز ئۇچرايدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئەدەبىي ئىنچىكىلىككە ئىگە بولغان ئايەتلەردىن ئاللاھنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش قاتارلىق

---

[47] سۈرە نەل، 44 – ئايەت. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە بەقەرە، 151 – ئايەت؛ سۈرە نىسا، 105 – ئايەت؛ سۈرە مائىدە، 67 – ئايەت.

[48] سۈرە نەھل، 64 – ئايەت.

[49] سۈرە قىيامەت، 16 – 19 ئايەتلەر. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئايەتلەر بار بولۇپ، قۇرئانغا قاراڭ: سۈرە نىسا، 113 - ئايەت.

ئۇسۇللار بىلەن بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن مەسجىدنى مەكتەپكە ئايلاندۇرۇپ، ساھابىلەرنىڭ ھەربىر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ، سۆزى–ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇلارغا خۇددى تىرىك ۋە ياشىغان قۇرئان سۈپىتىدە ئۈلگە بولغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقارغان ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنغان ئايەتلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇلغاندەك، ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىمۇ بېرىلگەن. «(ئى پەيغەمبەر!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.[50]» بۇ ئايەتتە ئاللاھ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە خىلمۇ خىل كۆزقاراشلار ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەسلىھەت سېلىش ۋە ئۇنىڭدىن سوراشنىڭ لازىملىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بەرگەن كۆرسەتمىلىرىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى چىن دىلىدىن قوبۇل قىلىشنىڭ

[50] سۈرە نىسا، 65 – ئايەت.

زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

بۇنىڭدىن باشقا «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغانىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ[51]» ، «(پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، دېيىشلىرى كېرەك. مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر[52]»، «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە

[51] سۈرە ئەھزاپ، 36 - ئايەت.

[52] سۈرە نۇر، 51 – ئايەت. ئەمەلىيەتتە 47 - 52 - ئايەتلەر بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىز بۇ يەردە كۆپ يەر ئىگىلىمىسۇن دەپ، پەقەت 51 – ئايەتنى مىسال قىلىپ بەردۇق.

مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.[53]»

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە مۆئمىنلەردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. تالاش - تارتىشتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە ئاللاھقا، ئاندىن ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان ۋە ئىماننىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرى قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھۆكۈم قىلىش ۋە قارار چىقىرىش مەسىلىسىدە ئاللاھ بىلەن بىللە پەيغەمبەرمۇ زىكىر قىلىنغان ۋە ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشتا تولۇق تەسلىم بولۇش تەلەپ قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆكۈم چىقارغاندا ئاۋۋال قۇرئانغا، ئەگەر قۇرئاندا بولمىسا قۇرئاننىڭ سىرتىدىكى ۋەھيىگە، بۇمۇ بولمىسا قۇرئاننىڭ روھىغا تولۇق ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلاھىي كونترول ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىجتىھادى بىلەن ھەرىكەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندا بولمىغان مەسىلىلەر ھەققىدە چىقارغان ھۆكۈملىرىنىڭ مىسالى سۈپىتىدە مۇنۇلارنى زىكىر قىلىشقا بولىدۇ:

قۇرئاندا ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجنىڭ ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەمما بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى، رەكئەتلىرى، قىيام، رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىشى، ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاجىپ بولۇشى، روزىنىڭ ۋاقتى، ئىپتار ۋە سوھۇرلۇقنىڭ ۋاقتى، روزىنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان ئىشلار، زاكاتنىڭ كىملەرگە ۋاجىپ ئىكەنلىكى ۋە مىقدارى، ئالتۇن، پۇل، زىرائەت، مال - چارۋىلاردىن زاكات مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى، ھەج پەرزىنىڭ تەپسىلىي پائالىيەت ۋە تەرتىپلىرى، يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر، ھاراق ئىچكەن كىشىگە بېرىدىغان جازا، ئوغرىنىڭ قانچىلىك مىقداردا ئوغرىلىق قىلسا جازاغا تارتىلىدىغانلىقى، ھەيزدار ئايالنىڭ ئەھۋالى، روزا تۇتالمايدىغانلىقى، مومىسىنىڭ مىراسى قاتارلىق ئومۇمىي بايانلار قۇرئاندا ئېنىق بايان قىلىنمىغان بولۇپ، ھېچبىر ئۆلىمانىڭ بۇلارنى تەپسىلىي شەرھلەپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىكى بۇ ئومۇمىي ۋە مۇتلەق رەۋىشتە بايان قىلىنغان ئەھكاملارنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىش ئارقىلىق تەپسىلىي شەرھلەپ بەرگەن[54]. سۈننەتنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكى دەل مۇشۇ يەردە ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ.

پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇرئان

[53] سۈرە نىسا، 59 – ئايەت.

[54] 2004 چىن مۇسۇلمانلىرى 3 7 – بەت.

بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، سۈننەتكە ئاساسلانماسلىقنى تەكىتلەيدىغان بىر قىسىم بىدئەتچى كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىققان. بىر سورۇندا ئەنە شۇلاردىن بىرى: «قۇرئاندا بولمىغان نەرسىلەردىن باشقا گەپ قىلما!» دېگەندە ساھابىلەردىن ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن (ۋاپاتى: 52/672م) مۇنداق دېگەن: «سەن بىر ئەخمەق ئادەم ئىكەنسەن! پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت، پەرز نامازدا قۇرئاننى ئاۋازلىق ئوقۇماسلىق ھەققىدە ئاللاھنىڭ كىتابىدا بىر ھۆكۈم تاپالامسەن؟» دەپ سورىغان. ئاندىن ئۇ زاكات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تىلغا ئالغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپالامسەن؟ ئاللاھنىڭ كىتابى بۇلارنى ئومۇمىي رەۋىشتە بايان قىلغان. پەقەت سۈننەت كونكرېت بايان قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن. يەنە ئەھلى ھەدىستىن بولغان مۇترىف دېگەن ئالىمغا قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، سۈننەتكە ئاساسلانمايدىغانلىقىنى ياقىلايدىغان بىر بىدئەتچى كىشى: «سەن بىزگە قۇرئاندىن باشقا نەرسە ھەققىدە سۆز ئاچمىغىن» دېگەندە، مۇترىف: «بىز قۇرئاننى ھېچقانداق نەرسىگە تەڭ قىلمايمىز، بىز پەقەتلا قۇرئاننى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئادەمگە مۇھتاجمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن[55].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھارام - ھالال قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ئايەتلەر

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم چىقىرىش ۋە قارار قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەندەك، قۇرئانغا كىرگۈزۈلمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ ھارام ۋە ھالال قىلىش ھوقۇقىمۇ بېرىلگەن. ئايەتلەردە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: «ئۇلار ئەلچىگە ئۇممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۇز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىقىۋالغان تاقاق، كويزا كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر[56]».

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھالال ۋە ھارام قىلىش ئىشىنى بىۋاسىتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلغان. يەنە باشقا بىر ئايەتتە: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە

[55] 2004 چىن مۇسۇلمانلىرى 3 7 – بەت.

[56] سۈرە ئەئراف، 157 – ئايەت.

ئاخىرەت كۈنگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئېتىقاد قىلىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىقى ئورنىدىدۇر) بىلەن، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار[57]». بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلارنى، يەنى ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلارنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويغان ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ھارام قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدىغان بولساق، مەسىلەن: قۇرئاندا ئۆزى ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشى چەكلەنگەن بولسىمۇ[58]، يەنى ھارام قىلىنغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېڭىز ھايۋانلىرىنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلغان[59]. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئايەتتە بىرگە نىكاھلىنىشى ھارام قىلىنغانلار قاتارىدا سانىمىغان بولسىمۇ[60]، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايال ھاممىسى، سىڭلىسىنىڭ قىزى ۋە ئىنىسىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلالمايدىغانلىقىنى قوشقان[61]. يەنە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمىغان قېچىر، ئېشەك، شىر، يولۋاس، پىل، بۆرە، كىرپە، مايمۇن ۋە ئىتقا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ ۋە بۈركۈت، لاچىن قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ گۆشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ۋە يىپەكتىن كىيىم كىيىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى سۈننەت بىلەن سابىت بولغان. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل (يەنى ئۆز خاھىشى بويىچە) دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنى ئاللاھتىن ئالغانلىقىدا شەك يوق.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىنى بايان قىلغان ئايەتلەر**

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ يولىدىن ماڭغانلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدىغانلىقىغا ئۆزى كاپالەت بەرگەن ھالدا، ئايەتلەردە

[57] سۈرە تەۋبە، 29 – ئايەت.
[58] سۈرە مائىدە، 3 – ئايەت؛ سۈرە ئەنئام، 145 - ئايەت.
[59] ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى.
[60] سۈرە نىسا، 23 - ئايەت.
[61] بۇخارىي، نىكاھ، 27.

مۇنداق بايان قىلغان: «...ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر...»[62]، «...شەك-شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن»[63]، «سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىسەن[64]» ۋە «ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى[65]».

بۇ ئايەتلەرگە قارىغاندا، ئاللاھنىڭ كاپالىتى ۋە گۇۋاھلىقى بىلەن رەسۇلۇللاھ شەخسەن ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىنسانلارنى توغرا يولغا ۋە ھەقىقەتكە يېتەكلەيدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرنى توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ياكى ئاللاھنىڭ نامىدىن بىرەر نەرسىنى توقۇپ چىققان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاللاھ مۇنۇ ئايەتتە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇنى ئەڭ قاتتىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلغان بولاتتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا ۋە ھەقىقەتكە يېتەكلەشتە

[62] سۈرە نۇر، 54 - ئايەت

[63] سۈرە شۇرا، 52 – ئايەت.

[64] سۈرە مۇئمىنۇن، 73 – ئايەت. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ئايەتلەرمۇ بار بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە نىسا، 83 – ئايەت؛ سۈرە ئەئراف، 158 – ئايەت؛ سۈرە يۇسۇف، 108 – ئايەت؛ سۈرە نەمل، 79 – ئايەت؛ سۈرە ئەھزاب، 45 – 46 – ئايەتلەر؛ سۈرە ياسىن، 1 - 4 ئايەتلەر.

[65] سۈرە ھاققە، 47 - 47 ئايەتلەر.

ئاللاھنىڭ بۈيۈك بىر كاپالىتىدۇر.

## سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتى

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۈننەت شەرىئەتنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولۇپ، قۇرئان كەرىم بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا، قۇرئاندىكى مۇتلەق ياكى ئومۇمىي ئەھكاملارنى مۇئەييەن قىلىپ بايان قىلىپ بېرىش ۋە تەپسىلىي رەۋىشتە ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ بولسا سۈننەتنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۈننەت كىشىلەر ئىختىلاپ قىلغان دىنىي مەسىلىلەرنى كەڭ كۆلەمدە چۈشەندۈرۈپ بېرىشى، ھىدايەت ۋە رەھمەت مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ پەيغەمبەرگە نازىل بولۇشى، قۇرئاننى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ۋە ئايەتلەردىكى ئىلاھىي مەقسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىدىغان زاتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولۇشى سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ[66].

سۈننەت ئىسلام تارىخى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا مىڭلىغان مول مەزمۇن ۋە تېمىلار بار. سۈننەت ئىسلام تارىخىنىڭ دىنىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىش ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى چۈشىنىشتىكى مول ۋە

[66] كاندەمىر، «ھەدىس»، 27/15 - 64.

مۇھىم مەنبەدۇر. شۇڭا ئۇ ئىسلامدىن ئىلگىرى ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشىشتە، ئىنسانلارنىڭ ئىسلام قائىدىلىرى بويىچە ياشىشىدا زۆرۈر بولغان بىلىم مەنبەسى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرۈپ تەپسىلىي بايان قىلىش ئارقىلىق، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يۆنىلىشنى بەلگىلەش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**خۇلاسە**

قۇرئانچىلار ئىسلام دۇنياسىدا «ئەھلى قۇرئان»، «قۇرئانىيۇن» دەپ ئاتالغان ۋە قۇرئاننى ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر ۋە ئاساسلىق مەنبەسى دەپ قاراپ، قۇرئاندىن باشقىسىنى تونۇمايدىغان، سۈننەتنى ئىنكار قىلىدىغان بىر پىكىر سىستېمىسىدۇر. بۇ چۈشەنچىنى تۇنجى بولۇپ خاۋارىجلار ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، يېقىنقى ئەسىرلەردە مىسسىيونېرلارنىڭ ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ جىددىي تەسىرى ئاستىدا غۇلام ئەھمەد قادىيانى ۋە ئابدۇللاھ چەكرالىۋىي قاتارلىقلار بۇ پىكىرنىڭ بايراقدارلىقىنى قىلىشقا باشلىغان. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سۈننەتنى ئىنكار قىلىشتەك بولمىغۇر پىكىرلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن. بۇلار بۇ ھەرىكەتنى ئارقىلىق ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ھۇجۇملىرىغا يېقىندىن ھەمكارلاشقان.

سۈننەت «قۇرئان كەرىم»دىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇرەككەپ مەزمۇنلارنى روشەن يېشىپ بەرگۈچى بىردىنبىر مەنبەدۇر. قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندا بولمىغان ئىشلاردا ھۆكۈم چىقىرىش، نېمىنىڭ ھالال ۋە نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىلگەن. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قۇرئاندا تېپىلمىغان ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىمۇ دىنىي مەنبەدۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۈننەتكە سەل قاراش قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەممىگە قادىر ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئاننى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇلارغا كۆرسىتىشكە بۇيرۇغان. شۇنداقلا، ئىنسانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇشقا ۋە ئۇنى ھاياتىدا ئۆلگە قىلىشقا بۇيرۇغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئۆزىنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق قۇرئاننى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرۈپ ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويمىغان بولسا ئىدى، ئىنسانلار ئۆز خاھىشىغا قاراپ چۈشىنىشكە تىرىشقان ۋە نۇرغۇن ئىسلام ئادەتلىرى بارلىققا كەلگەن، ھەتتا ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىگە خاس بىر دىنىي چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى.

ئاخىرىدا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ ھايات ساھەلىرىگە تەتبىقلاپ ياشىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسلام دۈشمەنلىرى ناھايىتى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىردىنبىر مۆجىزە بولغان قۇرئاننى ئۆزگەرتىشكە كۆزى يەتمىگەچكە، بىۋاسىتە قۇرئاننى نىشانغا ئېلىشنىڭ ئورنىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ دىندىكى ئورنىنى تەۋرىتىش، ھەدىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ راۋىيلىرى ھەققىدە گۇمان پەيدا قىلىش ئارقىلىق، سۈننەتنى نىشانغا ئالغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن چىققان ئاز ساندىكى قۇرئانچىلار «قۇرئاندىن باشقىسى لازىم ئەمەس...



سۈننەتكە ئېھتىياجىمىز يوق» دېيىش ئارقىلىق بۇ بولمىغۇر قاراشلىرى بىلەن قۇرئان - سۈننەتنى ۋە بۇ ئىككىسىدىن بارلىققا كەلگەن ئىسلام ئەھكاملىرىنى قوغداشنىڭ ئورنىغا، دۈشمەنلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرغان.

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بۇلارنىڭ ئالدام خالتىلىرىغا چۈشمەسلىكى، بۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئىلمىي ئاساسى بولمىغان ساختا ئىلىم ئەھلىلىرىگە، ئازغۇنلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە قۇلاق سالماستىن، چوڭقۇر ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ئەھمىيەت بېرىشى، بولۇپمۇ قۇرئان ۋە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە تەپسىلاتى بولغان سۈننەتنى ئېنىق چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ۋە يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

# كىمگە ئىتائەت قىلىمىز؟



تاھىرجان ئابباس

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾[1] .

ئىتائەت كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى بىراۋنىڭ دېگىنىنى قىلىش، سۆزىنى ئاڭلاش، ئەمرىگە بويسۇنۇش، بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش دېگەندەك[2] ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

ئىتائەت چۈشەنچىسى ھەممە جەمئىيەتتە مۇھىم ۋە ئاساسلىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىتائەتنىڭ ئاساسىي ئۇقۇمىنى بەلگىلەيدىغان ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى، شەخسلەرنىڭ ئىتائەتكە بولغان قارىشى، ئۇنىڭ ئۇقۇمى ۋە ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا بىرلىككە كېلەلمىگەن.

ئىنسان ئىجتىمائىي جانلىق. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىرگە ياشاش خاھىشى كۈچلۈك. باشقىلار بىلەن بىرگە ياشاش ئادەتتە چىقىشىش، ھەمكارلىشىش ۋە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش قاتارلىق بىر تۈركۈم قائىدە - پىرىنسىپلارنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل قائىدە - پىرىنسىپلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن بىرەر مەمۇرىي ئورگان ۋە باشقۇرغۇچى رەھبەر لازىم بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك، ئىنسان يارىتىلىپ، كائىناتتا ئىجتىمائىيلىشىپ ياشاشقا باشلىغاندىن بېرى، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا مەمۇرىي مېخانىزم شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان. بۇ ئاساستا ئۇلار قول ئاستىدىكىلەرنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشقا، ئاممىۋىي مۇلۇك ھوقۇقى ۋە قانۇنلىرىنى قوغداشقا كېرەكلىك سىستېمىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. لېكىن ئىنساننىڭ ئىقتىدارى چەكلىك، ئەقلىي جەھەتتىن سەۋىيەسى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قۇرماقچى بولغان سىستېما ۋە پىرىنسىپلار ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قوغداشقا، بولۇپمۇ دۇنيا ھاياتىدىن كېيىنكى ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھاياتى دۇنيانى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى

---

[1] سۈرە نىسا، 59 – ئايەت.

[2] ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى.

ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى ۋە خاراكتېرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان زات – جانابىي ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت – سائادىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن «دىن» نامىدا قانۇن ۋە پرىنسىپلارنى تۇرغۇزۇپ بەرگەن.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىنسانلار جانابىي ئاللاھ «دىن» نامى بىلەن بەلگىلەپ بەرگەن پرىنسىپلارنى ئۆزلىرى خىرىستىيان دىنى، يەھۇدىي دىنى، ئۇ دىنى بۇ دىنى دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن جانابىي ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بىردىنبىر مەقبۇل ۋە كۈچكە ئىگە ھەق دىن ئىسلام دىنىدۇر. بۇ ھەقتە جانابىي ئاللاھ: ﴿**چوقۇمكى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇل دىن ئىسلام دىنىدۇر، كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) باشقا دىنني تىلەيدىكەن، ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر**﴾[3] دېگەن.

مانا شۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولغان ئىسلام دىنىدا كىمگە ئىتائەت قىلىش ۋە نېمىگە ئىتائەت قىلىش ھەققىدە بىر قاتار كۆرسەتمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ جۈملىدىن قۇرئان كەرىمدە جانابىي ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار**﴾[4]. جانابىي ئاللاھ بۇ ئايەتتە باشتا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا ئەمر قىلغان.

**نېمە ئۈچۈن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىمىز؟**

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە دىققەت نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ﴿**ئاسمان ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى يوسۇندا ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن – ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ سەجدە قىلىدۇ**﴾[5] دېگەن ئايىتىنىڭ ئۇقۇم مەزمۇنى بىزگە مەۋجۇدات ئالىمىنىڭ يارىتىلىش خاراكتېرىدا ئىختىيارى بولسۇن ياكى مەجبۇرىي بولسۇن، مۇتلەق بىر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە باش ئېگىش، قانۇن – پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ نىسپىي ئىرادە، يۈكسەك ئاڭ ۋە ئەركىن تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە ئىنسان تائىپىسىدىن باشقا كائىنات ۋە كائىنات ئالىمىدىكى پۈتۈن جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلار ھەممىسى جانابىي ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلىپ، تەسلىم بولماقتا ۋە ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىغا لايىق رەۋىشتە بەندىچىلىك مەجبۇرىيىتىنى بەجا كەلتۈرمەكتە. چۈنكى بىر ئاللاھقا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ باش ئېگىش پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ خاراكتېرىدا يارىتىلىشىدىن بېرى بار بولغان ئىستىخىيلىك تەسلىمىيەتتۇر. بۇ تەسلىمىيەت ئېڭى ئىنسانلاردا مۇنداقچە يېتىلىپ

[3] سۈرە ئال ئىمران، 18 ئايەت.

[4] سۈرە نىسا، 59 – ئايەت.

[5] سۈرە رەئد، 15 – ئايەت.

قالغان ئاددىي نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن بېرى ماھىيىتىدە بار بولغان چارىسىزلىك، موھتاجلىق، ئىمكان دائىرىلىرىنىڭ چەكلىك ۋە ئەقلى كۈچىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدەك ھېس تۇيغۇلىرى ئۇلاردا ئۆزىدىن كۈچلۈك، ھەممىدىن ئۈستۈن بىر كۈچكە چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇش ئاساسىدا يېتىلگەن ئاڭ.

ئەسلىدە ئىنساننىڭ خاراكتېرىدا كىم كۈچلۈك بولسا شۇنىڭغا تېۋىنىدىغان، كىم ئۇلۇغ بولسا شۇنىڭغا چوقۇنىدىغان پىسخىكا مەۋجۇت. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا تېۋىنىش، ئىبادەت قىلىش، چوقۇنۇش مەسىلىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى تەبىئىيلا ئىنسانىيەت ئېڭىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن يېتىلگەن ئىدىيە. بۇ ئىدىيەنىڭ خاراكتېرى ئەلۋەتتە تېۋىنىشقا، ئىبادەت قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان، ئۇلۇغلاپ، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بىر كۈچ ئىگىسىنىڭ بولۇشىنى لازىم قىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ كۈچ كىم؟ كائىنات ئالىمىدە تا ئۇ كۈندىن بۇ كۈنگىچە ئاللاھتىن باشقا بىر كۈچ چىقىپ: «سىلەرنى مەن ياراتتىم، ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار، رىزقىڭلارنى مەن بېرىمەن، ماڭا تەسلىم بولۇپ ماڭا بويسۇنۇڭلار» دەپ ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. ئەسلىدە، ياراتقۇچى بىر ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن ئۆزىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىشى ئۇ بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بەندىلەرنىڭ ئىتائىتىگە، ئىبادىتىگە ئەسلا ھاجىتى يوق. بەلكى بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، يېلىنىپ دۇئا ۋە تەلەپتە بولۇشقا ئېھتىياجى بار.

ئاللاھقا ئىتائەت ئۇ زاتقا مۇتلەق تەسلىم بولۇپ، بويسۇنۇشنى، ھۆرمەتلەپ، ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرغان. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇتلەق ئىتائەت قىلىش كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىلاھى ۋە پادىشاھىدۇر. ئىنسانلارمۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى بىلەن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە قۇلىدۇر. مۇتلەق ۋە ھەقىقىي مەۋجۇت زات پەقەت ئاللاھتۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. بۇيرۇق قىلىش، يارىتىش، يوقىتىش، ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش، جازالاش ۋە مۇكاپاتلاش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. ئۇ بىردىنبىر ھەقىقىي ۋە مۇتلەق ياراتقۇچىدۇر. ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدۇ. ئۇ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ گۈزەل سۆزلەرنىڭ ئىگىسىدۇر. ھېچكىممۇ ئۇنىڭدەك راست ۋە توغرا سۆز سۆزلىيەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا شەرتسىز بويسۇنۇشنى، تەسلىم بولۇپ، ئەمرىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلىشنى، خالىس ئىبادەت قىلىپ، بەندىچىلىك بۇرچىنى

تولۇق ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق دىنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كائىنات ۋە كائىناتتىكى پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭمۇ بىردەك دىنى ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەشتۈرەلەيمىز. چۈنكى، كائىناتتا ھەر بىر شەيئىنىڭ پەۋقۇلئاددە پىلان، زىل قۇرۇلما ۋە ئىنچىكە ئىنتىزام بىلەن بەلگىلىك ھەرىكەت قىلىپ، بىر – بىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن رىتىملىق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ خىزمەت ئوبيېكتى بىر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك، ئىنسانلارنىڭ بۇ شەيئىلەرنىڭ خىزمىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىش غايىسى بولغان بىر ئاللاھقا بەندىچىلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمىز.

ئۇنداق بولغاندا، كائىنات ۋە كائىناتتىكى ئەشيا ۋە ھادىسىلەرنىڭ جانابىي ئاللاھنىڭ سۈننەتۇللاھ قانۇنىي بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقى ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ، بىر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تەسلىم بولغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر. چۈنكى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئىسلام» دېمەك پۈتۈن مەۋجۇدات ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى بۈيۈك ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، تەسلىم بولۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئېتىبار بويىچە بولغاندا، ئىنس - جىن ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ خالاپ – خالىماي ئاللاھنىڭ ئەمرىگە باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىشى زۆرۈرىيەت قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## نىمە ئۈچۈن پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىمىز؟



قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش چۈشەنچىسى بويسۇنۇش، بۇيرۇقنى ئورۇنداش، ئۈلگە قىلىش ۋە يولىغا ئەگىشىش ئۇقۇمى بويىچە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىتائەت چۈشەنچىسى مەۋجۇداتلارنىڭ ئاڭسىز ھالدىكى ئىستىخىيلىك ئىتائەت چۈشەنچىسى ئەمەس، بەلكى ئىختىيارى ۋە ئاڭلىق ھالدىكى ئىتائەتنى تەشكىل قىلىدۇ. مانا بۇ ماھىيەتتىكى ئىتائەت چۈشەنچىسى ئىلاھىي سىستېما بىلەن ئىنسانلارنىڭ سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرقنى



كۆرسىتىدۇ. بۇ پەرقنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىلاھىي سىستېمىلار ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتى ئاساسىدا سۆيگۈ، مۇھەببەت ۋە تىنچلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا، ئىنسانلار ئوتتۇرىغا قويغان سىستېمىلار پەقەتلا ماددىي مەنپەئەت ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىلاھىي تەلىماتلار بىلەن ئىنسانلار سىستېمىسىنىڭ يەنە بىر تۈپ پەرقى شۇكى، ئىلاھىي تەلىماتلار نەزەرىيەگە ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي مۇئەللىملەرنىڭ، يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆرنەك ھاياتى ۋە ئەمەلىي تەتبىقلاشقا ئاساسلىنىدۇ.

مانا بۇ سەۋەبتىن، ئەڭ ئاخىرقى ئىلاھىي كىتاب مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق ماھىيەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. ھەمدە ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش پەيغەمبەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش بىلەن نامايەندە بولىدۇ. ﴿شۇنىڭدەك (سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھتىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.﴾[6] دېگەن ئايىتى بۇ پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزگەن ئەلچىلەر بولغاچقا، بۇ ئەلچىلەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئوخشاش دەپ قارالغان. بۇنىڭغا دىققەت تارتماقچى بولغان رەسۇلۇللاھ: «ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان كىشى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ» دېگەن. ئوخشاش ئەھۋال تۆۋەندىكى

[6] سۈرە بەقەرە، 151 – ئايەت.

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق تەكىتلەنگەن: ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق﴾[7]. ﴿(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتسا، پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسلەر، پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار»﴾[8].

پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئاللاھنى سۆيۈشنىڭ ئالامىتى، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنى بىلدۈرىدىغان تۆرلۈك چۈشەنچە پىكىر، سۆز ۋە ھەرىكەت ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. بۇنداق بىر شارائىتتا پەرز، ۋاجىپ، نەپلە قاتارلىق ئىبادەتلەر ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان ھەر خىل ياخشى ئەمەللەرمۇ ئىتائەتنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھتىن كەلگەنگە رازى بولۇش، پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرۈش، پەيغەمبەرنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش، ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھ بەلگىلىگەن چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئاللاھتىن ھايا قىلىش، ئاللاھقا دۇئا قىلىش، ئاللاھقا تەۋبە قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ھەممىسى ئادەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ نامايەندىلىرىدۇر.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ھۆرمەت قىلىش[9] ۋە دىنىي تەلىمات جەھەتتە ئۇنىڭغا شەرتسىز

[7] سۈرە نىسا، 80 – ئايەت.

[8] سۈرە نۇر، 54 – ئايەت.

[9] ئاللاھ تائالا مۆمىنلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ھۆرمەتتە ھەرگىز يېتەرسىزلىك قىلماسلىقنى ۋە ئۇنىڭغا باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلماسلىقنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ، شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى ئاللاھ تەقۋا ئۈچۈن سىنىغان، ئۇلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنى ھۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر، سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققىنىڭغا قەدەر ئۇلار سەۋر قىلىپ تۇرۇشسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق ئىشلىرىدا ئەگىشىشكە تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا پەقەتلا ئىمان ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدا ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە رەھبەر ۋە يېتەكچىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ پەزىلەتلىك ئىش ۋە ھەرىكەتكە يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ئەڭ ئېسىل ھەقىقەتلەرنى سىڭدۈردۇ. چۈنكى، ئۇ «ياخشى ئەخلاقنى تولۇقلاش» ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سورالغاندا: «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئاندۇر[10]» دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇ زاتنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ھاياتىنى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇشنى، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ، قەلبىنى ئۇنىڭغا باغلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ پىرىنسىپ ئاساسىدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان كىشى ھەممىگە قادىر ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق بىر ئادەمنى ئاللاھ تائالا ھەم باشقىلارغا ياخشى كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ھىمايىسىگە ئالىدۇ. بۇ مەسىلىدە كىشىنى رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئۇلاشتۇرغان نۇقتا ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاڭسىزلارچە تەقلىد قىلىپ تۇرۇش ئەمەس، ئاڭلىق ھالدا ئۇنى پۈتۈن ئىش - ھەرىكىتىدە ئۈلگە قىلىشتىن ئىبارەت.

## **نېمە ئۈچۈن «ئۇلۇل ئەمر»گە ئىتائەت قىلىمىز؟**

«ئۇلۇل ئەمر» ئاتالغۇسىنىڭ ئۇقۇم مەنىسى: ئىش ئىگىلىرى، ئەمىر، رەھبەر، باشقۇرغۇچى دېگەندەك مەزمۇندا گەۋدىلەنسىمۇ، لېكىن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنە – مەزمۇنىنى باشقا ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىلەن بىرگە چۈشەنگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ ۋە مەزمۇنى مول ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. چۈنكى، «ئۇلۇل ئەمر» كەلىمىسىنى پەقەت باشقۇرغۇچى، ئەمىر، رەھبەرلەردىن تەركىب تاپقان شەخسلەر دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. بەلكى بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بىلەن بىرگە چۈشەنگەندە ئاندىن بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى چۈشىنىشلىك، مەزمۇنى ئېنىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كُلُّكُمْ رَاعٍ وَكُلُّكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ**» (سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر) .

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، پەيغەمبەرلەر

[10] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ئۇممىتىگە، ھاكىملار خەلقىگە، ئالىملار جەمئىيەتكە، ئىماملار جامائەتكە، ئاتا – ئانىلار پەرزەنتلىرىگە، ئەرلەر ئائىلىسىگە، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇلدۇر.

مەسئۇللۇق مەسئۇل بولغۇچىدىن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى تەلەپ قىلسا، تۆۋەندىكىلەردىن مەسئۇل بولغۇچىغا ئىتائەت قىلىپ يول - يورۇقىغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر مەسئۇل بىلەن مەسئۇل بولغۇچىلار ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلسا، ئىناق جەمئىيەت، ئىناق ئائىلە ۋە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتلىك دۆلەت بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابىي ئاللاھ بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشىنى، پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنى، ئىش بېشىدىكى رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشنى ئەمر قىلغان.

«ئۈلۈل ئەمر»گە ئىتائەت قىلىش مەسىلىسى شۇ قەدەر مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىككى، بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن باشقا ھەرقانداق ئىشتا (مەيلى ئۇ ئىشنى ياقتۇرسۇن ياكى ياقتۇرمىسۇن) ئەمىر (يەنى ئىدارە قىلغۇچى رەھبەر)گە بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىشى شەرتتۇر. ئەمما گۇناھلىق ئىشلارغا ئەمىر قىلىنسا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» . يەنە بىر ھەدىستە: «ماڭا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق، ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلىق ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىق، ئەمىرگە ئىتائەت قىلغانلىق ماڭا ئىتائەت قىلغانلىق، ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلغانلىق ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلىق» دېيىلگەن بولسا، يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئەمىرىڭلار ھەبەشىستانلىق قارا قۇل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار» .

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، مەزكۇر ئايەتتىكى «مىنكۇم» ئىپادىسى پەقەت مۇسۇلمان ئەمىرگە يەنى مۇسۇلمان رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان رەھبەر شەكلىدە ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەمىرگە مۇتلەق، ھەممە ئىشتا ئىتائەت قىلىش، دېگەن مەنىدە چۈشىنىۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، «ئۈلۈل ئەمر»نىڭ تەپسىرلىك مەنىسىنى نۇرغۇن مۇپەسسىر ئۆلىمالىرىمىز كۆرسەتكىنىدەك، شۇئەرا سۈرىسىدىكى ﴿**ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار**﴾ دېگەن بۇ ئايەت كەرىم بىلەن بىرگە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنى ھۆكۈمدارلارغا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك ئاساسىدا بولىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «باشقۇرغۇچىلار سىلەرنى گۇناھ – مەسىيەتكە بۇيرۇمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىڭلار.» يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلمان گۇناھ – مەسىيەتكە بۇيرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مەيلى ياقتۇرسۇن ياكى ياقتۇرمىسۇن، پۇتۇن ئىشلاردا ئۈستىدىكىلەرگە بويسۇنۇشى كېرەك. ئەگەر گۇناھ – مەسىيەتكە بۇيرۇلغان بولسا، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» . شۇنىڭدەك يەنە بىر ھەدىس شەرىفتە: «باشقۇرغۇچىغا بويسۇنۇش پەقەت توغرا ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىشلار بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بىر كۈنى مەلۇم سەۋەبتىن ئاچچىقلىنىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى ئوتۇن يىغىپ كېلىپ، ئوت قالاپ، ئوتقا ئۆزلىرىنى تاشلاشقا بۇيرۇغان. بەزى ئەسكەرلەر قوماندانغا بويسۇنۇش پەرز دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنى ئوتقا تاشلاشقا تەييارلانغاندا، يەنە بەزى ئەسكەرلەر بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قارشى چىققان. بۇ جەرياندا ئوتۇن كۆيۈپ، ئوت ئۆچۈپ قالغان. كېيىن ئۇلار بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بويسۇنمىغانلارنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئۆزلىرىنى ئوتقا ئاتماقچى بولغانلارغا قارىتا ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوتقا ئاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ قىيامەتكىچە ئۇ ئوتتىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ھۆكۈمدارلارغا ئىتائەت قىلىشتا تۆۋەندىكى پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان: «گۇناھ - مەسىيەتكە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئىتائەت قانۇن ئىچىدە، يەنى شەرىئەتتىن چەتنەپ كەتمىگەن دائىرە ئىچىدە بولىدۇ»

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، جەمئىيەتتە ئەڭ كىچىك، ئەمما ماھىيەتتە ئەڭ چوڭ «دۆلەت» دەپ قارىلىدىغان ئائىلىدە بىر باشقۇرغۇچىنىڭ بولۇشىنى ۋە بۇ باشقۇرغۇچىغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆلى پۇختا قۇرۇلۇپ، تەشكىللاتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئائىلىلەر ئۇزۇن يىللىق چىنار دەرىخىگە ئوخشاش ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىدۇ.

ئائىلە مېخانىزمىنىڭ قۇرۇلما سىستېمىسى تەبىئىي ھالدا باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ بىرىنچى ھەقدارلىقى ئەردە ئىكەنلىكى تالاش تارتىش قىلمايدىغان مەسىلە. بۇ ھەقدارلىق مەسىلىسى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە «قەۋۋام» (يەنى «ھامىي» دەپ تەسۋىرلەنگەن، يەنى «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر،

بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ - قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر» .

بۇ ۋەجىدىن ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە «ئۇلۇل ئەمر»گە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغاندىن سىرت، يەنە ئۇلار ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشقا ھەم مۇكەللەف قىلىنغان. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن ۋە بۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئالاھىدە تەرغىباتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىر ھەدىستە ئاياللار ئەگەر بەش ۋاخ نامىزىنى ئەدەپ - ئەركانى بىلەن ئادا قىلسا، ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلىسا، پەرز روزىنى تۇتسا ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، بىر ئائىلىنى كىچىك بىر دۆلەتكە ئوخشاتساق، ئەرلەر ئۇ دۆلەتنىڭ رەئىسى، ئاياللار باش مىنىستىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قاتلامدا ھەممە ئادەم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى توغرا رەۋىشتە ئادا قىلىپ، باشقۇرغۇچىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلىپ ئەمرىگە بويسۇنۇشى كېرەك. بولمىسا مەمۇرىي باشقۇرۇش مېخانىزمىدا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. «قايسى ئايال ئەڭ ياخشى؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قارىسا ئېرىگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغان، ئۆزى ۋە مال - مۈلكىدە ئېرى ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردا ئېرىگە قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان ئايالدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە بىر ھەدىس شەرىفتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن بىر ئىنساننىڭ باشقا بىر ئىنسانغا سەجدە قىلىشىنى بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايالنىڭ يولدىشىغا سەجدە قىلىشىنى بۇيرۇغان بولاتتىم» .

ئاياللارنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىش مەسىلىسى تولىمۇ مۇھىم مەسىلە. بولۇپمۇ پۈتۈن قىممەت قارىشىمىز تارمار قىلىنغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە بۇ مەسىلىنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى، ئاتالمىش مەدەنىي دۇنيانىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە بۇ ھەقتىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تامامەن زىت كېلىدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي توقۇلمىلارغا مەركەزلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئاياللار ئەركىنلىك ئىدىيەسى، ئەر - ئايال باراۋەرلىكى، ئاياللارنى ئازاد قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، سىياسىي

پائالىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ هۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش دېگەندەك چوڭ شوئارلار بىلەن ئۇلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ئىسلامىي ئەدەپ - ئەخلاق، ئىنسانىي قىممەت قاراشلىرىغا تامامەن زىت باشقىچە بىر ئاياللار دۇنياسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە كۈچەۋاتقانلىقى بىر ھەقىقەت.

دەرھەقىقەت ئاياللىرىمىز غەرب ئىدىيەسىنىڭ بۇ قاينام - تاشقىنلىق دولقۇنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاياللارغا خاس نازاكىتىنى، دىنىي، مىللىي ۋە ئەخلاقىي قىممەت قارىشىنى يوقاتتى... بەزىلەر مىللەتچى، يەنە بەزىلەر ۋەتەنپەرۋەر بولۇۋېلىپ، خۇددى دىنىي ئېتىقادى، مىللىي قىياپىتى بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغاندەك دىنىدىن ۋە مىللىي كىملىكىدىن يىراقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامىي پرىنسىپتىن، مىللىي قىممەت قارىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك مەزكۇر ئەپسانىلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان خانىم-قىزلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىق ئوبرازىنى، مىللىي قىممەت قارىشىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلدى. ئىسلامنى ئۆزلىرىگە پۈتلىكاشاڭ دەپ قارىدى.

بىز بۇ ئاچچىق رېئاللىقنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، ئاياللارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەشتىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئۇلار شەيتاننىڭ قىلتاقلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىسلامىي ئەخلاق ۋە مىللىي مەدەنىيەت مىراسىغا تويۇنغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان مەزكۇر ئاتالمىش مەدەنىيەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئىسلام دىنىدا ئىلىم ئىگىلەش ئەر – ئايال پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز بولغىنىدەك، ئىلىم ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ توغرا كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇش ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىنغان مۇھىم ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ئىلىم بىرىلگەنلەر بىلەن ئىلىم بېرىلمىگەنلەرنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ساغلام جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىلىم ئەھلىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئىلىم – مەرىپەتلىك بولۇش ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە ئۈستۈن مەرتىۋە. ساغلام بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا بىر رەھبەرنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بولسا، ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭمۇ شۇنچە ئالاھىدە رولى بولىدۇ.

جانابىي ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە**

پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾.

بۇ ئايەتتە بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە، قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىش تەلەپ قىلىنغان. بۇ ھەقىقەتتە مەزكۇر ئىككى مەنبەنى ياخشى بىلىدىغان ئۆلىمالارغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

﴿ئەگەر ئۇلار ئۇ خەۋەرنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى «ئۇلۇل ئەمرى» (يەنى ئالىملاردىن) سورىغان بولسا، ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى﴾.

ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «ئۇلۇل ئەمر» كەلىمىسىنىڭ ئۇقۇم مەنىسىنى «ئالىملار» دەپ تەپسىر قىلغان نۇرغۇن مۇپەسسىرلىرىمىز بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: ««ئۇلۇل ئەمر› فىقھشۇناس ئالىملاردۇر» ، «ئالىملارغا ئەگىشىڭلار! چۈنكى ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نۇرىدۇر» ، «ئالىملار قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىدىغان رەھبەر ۋە يول باشچىدۇر» ، «ئالىملار بولمىغان بولسا، ئىنسانلار ھالاك بولغان بولاتتى» .

سۆزىمىزنى خۇلاسىلىسەك، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت – سائادىتى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە ئاسايىشلىقى ئۈچۈن، ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ يولىغا ئەگەشكۈچى «ئۇلۇل ئەمر» (باشقۇرغۇچى رەھبەر ۋە ئۆلىمالار) غا بويسۇنۇش ۋاجىبتۇر.

ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھنىڭ ئەمرى. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلماي توغرا يول تاپقىلى بولمايدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى لازىم قىلىدۇ، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى لازىم قىلىدۇ. يەنى ئىككىسى بىر ھەقىقەتنىڭ ئىككى يۈزىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراش، «بىرىنى تاشلاپ يەنە بىرىنى تۇتىمەن» دېيىش ئازغۇنلۇقنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلماي، ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلماي ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بولمايدۇ.

دېمەك، نىجاتلىق ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىش پەقەت ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدۇ. مانا بۇ بىر ئىنسان ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەڭ چوڭ شەرەپ ۋە ئەڭ كاتتا ئۇتۇقتۇر.



# ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەممە جامائەت، ھەتتا شىئە - راپىزەلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ ۋە ھەممىسى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ يولىدا بولۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى بىردىنبىر جامائەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئۇنداقتا قايسى جامائەت ھەقىقىي ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ھېسابلىنىدۇ؟ ئۇ جامائەتنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە تەۋە جامائەت ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيمىز؟

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ باشقا جامائەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنى ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكىرى بىلەن بىلەلەيمىز. تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ بەزى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نەپسى - خاھىشقا ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل ئىلمىي ئاساسقا تايىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئىلمىي ئاساستىن قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف، ئىجمائ ۋە قىياس قاتارلىقلار مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىفتىن ئوچۇق دەلىل بولمىغان مەسىلىلەردە، ساھابىلارنىڭ سۆزى ۋە ياكى مۇجتەھىد دەرىجىسىگە توشىدىغان ئالىملارنىڭ ئىجتىھادىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئېتىقاد ۋە ئەمەللەردە ئوڭچىللىق ياكى سولچىللىقتىن مۇستەسنا لىللا مەيداندا تۇرىدۇ؛ قارشى سەپتىكىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندىمۇ ئىنساب ۋە ئادالەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ؛ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىراۋنىڭ پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ؛ ئۆلىمالار ۋە پېشۋالارغا چوقۇنمايدۇ، ھۆرمەتسىزلىكمۇ قىلمايدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ سۆزى قوبۇل ۋە رەت قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ تەقدىر بىلەن ئىنساني ئىرادىنىڭ، ئىلىم بىلەن ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى، شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس

پرىنسىپلىرى بىلەن زامان ئۆزگىرىشلىرىنى، شەرئىي ھۆكۈملەر بىلەن زامان تەقەززالىرىنى بىر - بىرىگە ماھىرلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرالايدۇ؛ ئۆتمۈش، رېئاللىق ۋە كېلەچەكنى تەڭ نەزەرگە ئالىدۇ؛ ئىسلاھ قىلىش ۋە تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىدۇ؛ ئاۋامغا ئىشلارنىڭ ئاسان تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ، دىن يولى مېڭىش مۇمكىن بولمايدىغان يول ئىكەن دېگەن قاراشقا ئەكېلىپ قويمايدۇ؛ بېشارەت بېرىدۇ، نەپرەتلەندۈرمەيدۇ؛ ئۆزئارا ھەمكارلىق، كۆيۈنۈش ۋە مېھىر - مۇھەببەتكە چاقىرىدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە روھ بىلەن ماددا ھەر ئىككى تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ۋە ئەنئەنە بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ. رېئاللىقنى، ئاۋام - خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئالاھىدە نەزەرگە ئالىدۇ، ئاۋام - خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىگە ئۇيغۇن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەرىكەتلىرىگە ھەمنەپەس بولىدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەنئەنە ۋە يېڭىلىق ئىشلىرىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەت، پىكىر ۋە ئىدېئولوگىيەلىرى يۈزدە يۈز توغرا، بىز بۇنىڭدىن چەتنىمەي مېڭىشىمىز زۆرۈر دېگۈچىلەر بىلەن يېڭىلىق ۋە ئىجادىيەتكە چوقۇنۇپ ئەنئەنىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاققۇچىلار ئارىسىنى ماھىرلىق بىلەن ياراشتۇرالايدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە تەشەببۇس قىلىنغان ھەم ساغلام ئەقىلگە ۋە نورمال ئىنسان تەبىئىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنىمەيدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنىڭ ھەر ئىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن چەكلەيدىغانلىقىنى، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش ئارقىلىق نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەقلىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىشلاردا ئوتتۇراھال ۋە لىللا مەيداندا تۇرۇشنىڭ ساغلام بىر ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مۇسۇلمانلارنى ئالدىراقسانلىق ۋە سۆرەلمىچىلىك، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ئىللەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ

[1] سۈرە رەئد، 11 - ئايەت.

تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. تېخمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئوتتۇرھاللىق رولىنىڭ قاتناش قوراللىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەيدىغان مىزاننىڭ رولىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، مىزانى بۇزۇلغان قاتناش قوراللىرىدا ئولتۇرۇپ مەنزىلگە بىخەتەر يەتكىلى بولمىغاندەك، ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇرھاللىقتىن چەتنەپ تۇرۇپ كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئوتتۇرھاللىق قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولغاچقا، ئۇ نوقۇل پىكىر ياكى ئىدېئولوگىيەلا بولماستىن، بەلكى مۇتلەق توغرا يول ۋە دۇنيا - ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئاللاھنىڭ رىزاسى، ياردىمى دەل مۇشۇ يولدا تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلىگەنلەرگە مەنسۇپتۇر؛ قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفلەردە خەۋەر بېرىلگەندەك، بۇ يولدىن ئوڭ - سولغا چەتنەپ كەتكەنلەر بىلىپ - بىلمەستىن ئۆزلىرىنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، شېھىتلەرنىڭ، پۈتۈن مۇئمىن - مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە دۇچار بولغۇچىلاردۇر، ئۇلار توغرا لىنىيەدىن چىقىپ كەتكەن قاتناش قوراللىرى تالاپەتكە ئۇچرىغاندەك، ھالاكەتكە يولۇققۇچىلاردۇر، دەپ قارايدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئوتتۇرھاللىقتىن چەتنەپ كەتكەن ھەرقانداق جامائەت ئۆزلىرى بىلىپ - بىلمەي، خالاپ - خالىماي دىندا سەل قاراپ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە يولۇققان يەھۇدىيلارنىڭ يولىغا ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ھەقتىن ئازغان خىرىستىيانلارنىڭ يولىغا ياكى ئىسلام دۇنياسىغا بالا - مۇسىبەت بولغان شىئە - راپىزە ۋە خاۋارىجلارنىڭ يوللىرىغا كىرىپ قالىدۇ، چۈنكى توغرا يولدىن چەتنىگەنلەرنى شۇ مەلئۇنلارنىڭ يولى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئوتتۇرھاللىقتىن چەتنەپ كېتىشنىڭ جەننەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئىسلامىي سۆيگۈنىڭ يوقىلىشىغا، بىرلىك ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىناق - ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا، ھەتتا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، ئوتتۇرھاللىقتىن چەتنەپ كېتىشنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن پاراسەتلىك مۇئمىنلەرنىڭ بۇنى ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئوتتۇرھاللىقنى ئەتراپلىق ۋە

توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سەل قاراش ۋە توغرا يول قاتارلىق تۆۋەندىكى مۇھىم ئۈچ ئاساسنى ياخشى چۈشىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ:

## بىرىنچى ئاساس: چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش

لۇغەت ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋېتىش چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولىدۇ. شەرىئەت ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: ئېتىقاد ياكى ئەمەل جەھەتتە شەرىئەت ئۆلچىمىدىن ھالقىپ كېتىش شەرىئەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.

### چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ تۈرلىرى

چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش؛ ئەمەل، يەنى گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەت جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

بىرىنچى تۈرى ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۇچۇرۇپ، پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن ئىلاھلىق ماقامىغا كۆتۈرۈۋېتىش، ئۇلاردىن مەدەت تىلەش، ئۇلارنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىش، سالىھلارنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ، پەرزەنت ۋە باشقا ھاجەتلىرىنى تىلەش قاتارلىقلار ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزلىرىگە ياقمىغان مۇسۇلمانلارنى شەرئىي دەلىل - ئىسپاتسىزلا كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىشمۇ ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «چوقۇمكى، بۇنىڭ نەسلىدىن قۇرئان ئوقۇيدىغان بىر قەۋم كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان قۇرئانى بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار مۇشرىكلارنى قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ[2]».

تارىختىن بېرى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ ھەدىس شەرىفتە ئىشارەت قىلىنغان سۈپەتلەر تېپىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ شەرئىي بىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىز بولغانلىقتىن قۇرئان ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئوقۇغىنى ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ. يەنى ئۇلار قۇرئان كەرىمنى تەپەككۇر قىلماي ۋە چۈشەنمەي ئوقۇيدۇ، شۇڭا، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ تۇرۇپمۇ، ھەق يولنى تاپالمايدۇ، ئۇنىڭدىكى ۋەز - نەسىھەتلەردىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، مۇسۇلمانلارنى شەرئىي دەلىل - ئىسپاتسىزلا كاپىرلىققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال سانايدۇ.

ئىككىنچى تۈرى ئەمەل، يەنى گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەت جەھەتتىن

---

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، رامىزان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ كۈن ئاتلاتماي روزا تۇتۇش، كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇش، ئىبادەتنى دەپ ئۆيلىنىشتىن ۋاز كېچىش قاتارلىقلار ئەمەلدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەمما بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلىش چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، بەلكى ئىسلام شۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەمەل يەنى گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەت جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئەھۋالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئاللاھقا سىلەردىنمۇ بەكرەك تەقۋالىق قىلىمەن، لېكىن مەن كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن ۋە ئۇخلايمەن، (رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا) كۈن ئاتلىتىپ روزا تۇتىمەن ۋە ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ (ئۈممىتىم)دىن ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا رەددىيە بەرگەن[3].

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ھەر ئىككى تۈرى خەتەرلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەت جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارىغاندا، ئېتىقاد جەھەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كۆپ خەتەرلىك. ئېتىقاد جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان خاۋارىجلار، شىئە - راپىزىلەر ۋە تەكفىرچىلەر (ئاساسسىزلا باشقىلارنى كاپىرغا چىقارغۇچىلار)نىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن بالا - مۇسىبەتلىرى بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالىدۇر.

### چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلەنىشنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى بەزى دەلىللىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق (سۆز)دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى ئاللاھنى شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار). مەسىھ ئىيسا - مەريەمنىڭ ئوغلى پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىسىز ۋاستىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (ئاللاھ ئىيسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، ئاللاھ پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن ئاللاھ پاكتۇر»[4].

«(ئى مۇھەممەد!) ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چېكىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى

[3] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[4] سۈرە نىسا، 171 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار، دېگىن»[5].**

ئاللاھ تائالا خىرىستىيانلارنىڭ دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: **«تەركىدۇنيالىقنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بۇيرۇمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى[6]». «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئالىملىرىنى، راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغانىدى» [7] .**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار. شەكسىزكى، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھالاك قىلدى»[8] .

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى»[9]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان .

«سىلەرگە چىڭ تۇتۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا چىڭ تۇتۇۋالماڭلار. چۈنكى بىر قەۋم ئۆزلىرى چىڭ تۇتۇۋالغانلىقتىن

[5] سۈرە مائىدە، 77 - ئايەت.

[6] سۈرە ھەدىد، 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[7] سۈرە تەۋبە، 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[8] ئىمام نەسەئىي رىۋايىتى.

[9] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاللاھ ئۇلارغا چىڭ تۇتۇپ قويدى، ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلاردىكى قالدۇقلىرىدۇر. ‹تەركىدۇنيالىقنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بۇيرۇمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى›»[10] .

«شەكسىزكى، دىن ئاساندۇر، كىمكى دىننى چىڭ تۇتۇۋالىدىكەن، دىن ئۇنى يېڭىدۇ، ئوتتۇراھال بولۇڭلار، يېقىنلاشتۇرۇڭلار، بېشارەت ھاسىل قىلىڭلار، ئەتىگەن - ئاخشام ۋە كېچىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى بىلەن ياردەم تىلەڭلار»[11] .

## ئىككىنچى ئاساس: سەل قاراش

لۇغەت ئالىملىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەر قانداق بىر مەجبۇرىيەتنى جايىدا ئادا قىلماسلىقنى سەل قاراش دەپ ئاتىغان. «لسان العرب» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «تفريط» دېگەن سۆزنى «تضييع»، يەنى زايە قىلىۋېتىش دەپ شەرھلىگەن. شەرىئەت ئالىملىرى دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى جايىدا ئادا قىلماسلىق، تائەت - ئىبادەتلەرنى زايە قىلىۋېتىش، شەرىئەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزەلمەسلىك قاتارلىقلارنى «تفريط»، يەنى سەل قاراش دەپ چۈشەندۇرگەن.

ئۇلار بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇخلاپ

[10] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[11] ئىمام بۇخارىي، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى



قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئىبادەت ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى سەل قاراش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئەمما ئويغاق تۇرۇپ ئىبادەت ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش سەل قارىغانلىق بولىدۇ، دەپ قارىغان ۋە بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ئۇخلاپ قېلىش سەل قارىغانلىق ھېسابلانمايدۇ، ھەقىقىي سەل قاراش دېگەن ئويغاق تۇرۇپ، بىر نامازنى يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە كېچىكتۈرۈشتۇر<sup>12</sup>» دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلغان.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مۇسۇلمانلارنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغاندەك، سەل قاراشتىنمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، ئوتتۇرھاللىققا تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوتتۇرھاللىقتىن چەتنەش بولۇپ، شەخس ۋە جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان، شەيتاننى سۆيۈندۈرىدىغان، ئىنساننى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغان ناچار ئىللەتلەردۇر.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە مۇئامىلە ساھەلىرىگە ئوخشاش تىجارەت ۋە خىراجەت ساھەلىرىدىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش ئەيىبلەپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. «قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇۋەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن<sup>13</sup>».

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلانغاندەك، سەل قاراشتىنمۇ ساقلىنىپ، ھەر ئىشتا ئوتتۇرھاللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان جامائەت بولۇپ، ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا جامائەتلەردىن پەرقلىنىپ كەلگەن. ئەپسۇسكى زامانىمىزدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سەل قاراش ئىللەتلىرى بىلەن پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، بۇ ئالاھىدىلىكنى يوقاتماقتا. بۆلۈنگەنلىكى، ئىختىلاپلاشقانلىقى

[12] سۈنەن، ئەبۇ داۋۇت.

[13] سۈرە ئىسرا، 29 - ئايەت.

ئۆچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەت ۋە شەپقەتلەرنىڭ ئورنىنى بىر - بىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرەتلەر ئىگىلىمەكتە. نەتىجىدە دۈشمەنلەرنىڭ دېيىغا ئۇسۇل ئويناپ، بىر - بىرىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا تىل ئۇزىتىشنى، ھەتتا قېنىنى تۆكۈشنى ھالال سانايدىغان يەرگە بېرىپ يەتتى. مىللەت سەگەكلىك بىلەن بۇ ئىللەتلىرىنى تونۇپ، ھەر ئىشتا قۇرئان كەرىم تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇرھاللىقتا قايتمىغۇچە، يوقاتقان بىرلىكىنى، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە ئىززەت - شەرىپىنى ھەرگىز قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. **«ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ»**[14].

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ كەم - زىيادە قىلىنماسلىقىنى، بەزىلىرىگە ئەمەل قىلىنىپ، يەنە بەزىلىرىنىڭ تەرك ئېتىلمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. تەرك ئېتىش كۆپىنچە سەل قاراشتىن كېلىدۇ. سەل قارىغان ئىنسان چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئىنسانغا ئوخشاشلا توغرا يولدىن تېيىپ كەتكەن بولىدۇ. **«ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر. سىلەرگە (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن (توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، (سىلەر جازالىنىسىلەر، چۈنكى) ئاللاھ غالىبتۇر (يەنى سىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز ئەمەستۇر)، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»**[15].

ئىمام ئەۋزائىي، ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: **«شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى - پەرمان ۋە چەكلىمىلىرىگە قارشى تۇرۇشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن ئىبارەت ئىككى قورالنىڭ بىرىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئارقىلىق مەقسەتكە يېتەلىسە شۇنى قىلىدۇ. ۋاھالەنكى ئاللاھنىڭ دىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى»**.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ياخشى ئىش قىلدىم دەپ ئويلاپ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن، مەجبۇرىيەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىشقا سەل قارىغۇچىلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تىپنىڭ توغرا يولدىن يىراقلاشقۇچىلار ئىكەنلىكىنى، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر زىيان تارتقاندەك، سەل قارىغۇچىلارمۇ چوڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. **«سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر»**[16].

[14] سۈرە ئەنفال، 46 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[15] سۈرە بەقەرە، 208 -، 209 - ئايەتلەر.

[16] سۈرە كەھف، 103 -، 104 - ئايەتلەر.

## ئۈچىنچى ئاساس: توغرا يول

توغرا يول دېگەن سۆز «الصراط المستقيم» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەستىن ۋە ئۇنىڭدىن نېمە مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەستىن، ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇرھاللىقنى توغرا چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. «الصراط المستقيم» نىڭ ئەسلى تۈز، توغرا ۋە داغدام يول بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىگىسىنى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېلىپ بارىدىغان گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. «الصراط المستقيم» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفلەردە كۆپ ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تەپسىرشۇناسلار بۇ سۆز ئۈستىدە كۆپلەپ ئىزدەنگەندىن كېيىن، بۇ سۆزدىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف، ئىسلام دىنى، ئاللاھقا توغرا تەرىقىدە ئىبادەت قىلىش، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشتىن خالىي ئوتتۇرھاللىق قاتارلىقلار بىر قانچە خىل كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە توغرا كۆزقاراشلاردۇر. چۈنكى بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى «الصراط المستقيم» يەنى توغرا يولنىڭ يېتەكچىلىرىدۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى «الصراط المستقيم» دېگەن سۆزنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جۈملىلەر، شۇنىڭدەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ئىللەتلىرىدىن چەكلەپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر «الصراط المستقيم» دېگەن سۆزدىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشتىن خالىي ئوتتۇرھاللىق مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ. سۈرە فاتىھەنىڭ بۇ ئايەتلىرىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ: «**بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)**»[17].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە توغرا يولنىڭ دىندا سەل قاراپ ئۆزىنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار بىلەن، دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ھەقتىن ئازغانلارنىڭ يولى ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، راستچىللارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىمدە تەشەببۇس قىلىنغان ئوتتۇرا ھاللىق» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەللابىي مۇنداق يازىدۇ: يۇقىرىدىكىلەردىن «الصراط المستقيم»نىڭ مەنىسىنىڭ ئوتتۇرھاللىققا دالالەت قىلىدىغانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئوتتۇرھاللىقتا تېپىلىدىغان ياخشى ۋە ئوتتۇرھال دېگەن مەنىلەر «الصراط المستقيم»نىڭ مەنىسىدىمۇ تېپىلىدۇ. سۈرە فاتىھەدە ئاللاھ تائالا بىزگە تەلىم بېرىپ: «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى. ئاندىن ئۇ يولنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ:

---

[17] سۈرە فاتىھە، 6 -، 7 - ئايەتلەر.



«سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)» دېدى. ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ: «غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس» دېگەن جۈملىنى كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا «الصراط المستقيم» نىڭ ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە سالىھلارنىڭ يولىدىن ئىبارەت ياخشىلارنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولدى. ئۇ يول بولسا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار بىلەن ئازغانلارنىڭ يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدۇر.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالا سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دېدى: **«ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ»**[18]. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: **«شۇنىڭدەك كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇرھال (يەنى ياخشى) ئۈممەت قىلدۇق»**[19] دېدى. تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى «وكذلك» دېگەن سۆزدىكى «ك» ھەرپى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ھەرپىنىڭ ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى يەنى ئۇلارنى ئوتتۇرھال ئۈممەت قىلغانلىقى بىلەن ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى[20].

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يەنە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرگە ئەھمىيەت بېرىش، ئىلىم ۋە ئىبادەتكە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈش، ھەق ۋە ئادالەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقچىلىقتىن ساقلىنىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، ئىنشائاللاھ بۇ ھەقتە كېيىن سانلاردا توختىلىمىز.

[18] سۈرە بەقەرە، 142 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[19] سۈرە بەقەرە، 143 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[20] تەپسىر تەھرىر ۋەتتەنۋىر ۋە تەپسىر تەبەري.

# ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككى ئۇقۇم: ھەدىس ۋە سۈننەت

ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان

بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدىكى ئاۋام خەلق ئارىسىدا «سۈننەت» ۋە «بىدئەت» مەسىلىسى ھەققىدىكى دەتالاش ۋە بۆلۈنۈشلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ بارماقتا. بۇ ھەقتە دەتالاش قىلىۋاتقانلار ئاساسەن مەسىلىنى ئۆزىمۇ توغرا چۈشىنەلمىگەن ۋە باشقىلارغىمۇ توغرا چۈشەندۈرەلمەيۋاتقانلار بولۇپ، بۇ تىپتىكى كىشىلەر بىر ھەدىس كۆرسىلا، شۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت»كە زىت مەنىدىكى «سۈننەت» دەپ ئويلىۋېلىپ، شۇ بويىچە ئەمەل قىلمىغانلارنى «بىدئەتچى، ئازغۇن» دەپ ھاقارەت قىلىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ بۇنداق ھاقارەتلىك تىل - ئاھانەتلىرىدىن ئادەتتىكى كىشىلەر تۈگۈل، نۇرغۇن ئۆلىمالارمۇ، ھەتتا مەزھەپ پېشۋالىرى بولغان مۇجتەھىد ئىماملارمۇ قۇتۇلۇپ قالالمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي مۇشۇلارغا ئەگىشىپ، بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە چاۋاك چېلىشىپ، ئالقىش ياڭراتتى، چۈنكى بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە تايانغان، سۆزلىرى دەلىللىك، ئورۇنلۇق كىشىلەر ئىدى.

نەتىجىدە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە تەپرىقىچىلىك كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

بۇ ئەھۋال مېنى بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرۇشقا ۋە ئىزدىنىشكە ئۈندەيتتى. مەن بۇ تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ ئايدىڭ ئەمەسلىكىنى، بىر ھەدىس كۆرسىلا، شۇنى «سۈننەت» دەپ قارىۋېلىپ، ئاندىن كاللىسىدا «ھەدىس = سۈننەت» دەپ فورمۇلا تۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا خىلاپ ئىشلارنىڭ ھەممىنى «بىدئەت» دەپ ئازغۇنلۇققا مەنسۇپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. مەن بۇ ھەقتە ئىزدىنىش جەريانىدا ئىلگىرىكى سەلەف سالىھ ئۆلىمالىرىمىزنىڭمۇ «ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن بىدئەتكە زىت مەنىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆردۈم. جۈملىدىن، ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىس ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىينىڭ[1]: «سۇفيان

[1] ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئۇستازى، ھىجرىيە 135 - يىلى تۇغۇلغان مەشھۇر مۇھەددىس ھەم فەقىھ. ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي، ئىمام زەھەبىي قاتارلىق مەشھۇر ئۆلىمالار ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك، تەقۋادار، ھەدىس ئىلمىگە ئەڭ ئالىم كىشىلەردىن، دەپ

ھەدىستە ئىمام، ئەمما سۈننەتتە ئىمام ئەمەس؛ ئەۋزائىي سۈننەتتە ئىمام، ئەمما ھەدىستە ئىمام ئەمەس؛ لېكىن مالىك ھەر ئىككىلىسىدە ئىمامدۇر»[2] دېگەن سۆزىنى ئۇچراتتىم. ئابدۇرراھمان مەھدىينىڭ بۇ سۆزى ئىلگىرىكى سەلەف ئۆلىمالارنىڭ «ھەدىس» بىلەن «سۈننەت» ئۇقۇمىغا پەرقلىق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ئىمام ئەزەم ۋە ئىمام شافىئىيدەك ھەم ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مۆتىۋەر مۇجتەھىد ئىماملارنىڭمۇ بىرەر ئىش ھەققىدە «ھەدىس» بولسىلا، ئۇ ئىشنى «سۈننەت» دېمەستىن، ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ خاراكتېرىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادا قىلىش ئۇسلۇبىغا ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىمۇ بەجا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇشتىكى شەرئىي تەلەپنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ مەزكۇر ھەدىسلەردىن «پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ، مەكرۇھ...» دېگەندەك ھۆكۈملەرنى يەكۈنلەپ چىققانلىقىمۇ ھەممىگە ئايان ئىش ئىدى. مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇقتىلارنى نەزەردە تۇتۇپ، «ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ مۇتلەق بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئىلگىرىكى سەلەف سالىھ ئۆلىمالارنىڭمۇ بۇ ئىككى ئۇقۇمغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ۋە بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بولسىمۇ، بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلەرنىڭمۇ بارلىقىنى يەكۈنلەيتتىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ئۇقۇمى ھەققىدە، «سۈننەت» ۋە «بىدئەت» مەسىلىسىدە توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەمنى ئېلىشقا نەچچە رەت تەمشەلگەن ھەم بۇ ھەقتە ئاز - تولا بىر نەرسىلەرنى جىجىلاپ باققان بولساممۇ، بۇ ھەقتە كېيىن بىر نەرسە دېيىشتىن ئىككىلىنىپ، ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق كۈنلەردىن بىرىدە ھىندىستانلىق مەشھۇر ئەللامە، مۇھەددىس ھەم فەقىھ سۇلايمان نەدۋىنىڭ (1884–1953) «تەھقىيقۇ مەئنەسسۈننە ۋە بەيانۇلھاجەتى ئىلەيھا» (سۈننەتنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجنىڭ بايانى) ناملىق بىر ماقالىسىنى[3] ئۇچرىتىپ قالدىم. ئەللامە بۇ ماقالىسىدە دەل مەن باش قاتۇرۇۋاتقان مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ «ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئۇقۇملار ئىكەنلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن بۇ ئىككى ئۇقۇمغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. بۇ ماقالە ماڭا ئۇزۇندىن بېرى يازماقچى بولغانلىرىم ھەققىدە ئىلھام مەنبەسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاللاھ تائالانىڭ مېنى ئەللامەنىڭ مەزكۇر يازمىسىغا ئۇچراشتۇرغىنىغا، بولۇپمۇ مېنى

---

باھا بەرگەن.

[2] قازى ئىياز: «تەرتىيبۇل مەدارىك»، 1 ـ جىلد، 153 ـ بەت.

[3] ئەللامەنىڭ بۇ ماقالىسى مەنار ژۇرنىلى، 1929 ـ يىلى 6 ـ ئايدا (ھىجرىيە 1348 ـ يىلى، مۇھەررەم) نەشر قىلىنغان 30 ـ سانىنىڭ 673 ــ 689 ـ بەتلىرى ئارىسىدا بېرىلگەن.

ئەللامەگە ئوخشاش بىر مەسىلە ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلغىنىغا چەكسىز ھەمدۇسانالار ئېيتقاندىن كېيىن، «بىسمىللاھ» دەپ قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم - دە، بۇ ماقالىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم.

## كىرىش سۆز



ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا شەرئىي ئەھكامنىڭ دەلىللىرى ئارىسىدا قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىككىنچى مەنبە ھېسابلىنىدىغان «ھەدىس» ۋە «سۈننەت»[4] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە ماقۇللۇقلىرىغا، شۇنداقلا پۈتۈن ھاياتىدا تۇتۇپ ماڭغان يولىغا بېرىلگەن ئومۇمىي نام بولۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق بۇ ھاياتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ ياشاشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان مۆئمىنلەرنىڭ مۇسۇلمانلىق ھاياتىدا بولمىسا بولمايدىغان رەھبەردۇر. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىرقانچە جايىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەھبەر بىلىپ، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ ياشىشى كېرەكلىكىنى قاتتىق تەكىتلىگەن[5]. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن نازىل قىلغان ھىدايەت كىتابىمىز قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس ۋە سۈننەتلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەزى ئۆلىمالار قۇرئاننى چۈشىنىشتە ھەدىس ۋە سۈننەتنىڭ نەقەدەر چوڭ رولى بارلىقىنى تەكىتلەپ، «قۇرئاننىڭ سۈننەتكە بولغان ئېھتىياجى سۈننەتنىڭ قۇرئانغا بولغان ئېھتىياجىدىنمۇ كۆپلۈكرەكتۇر» دېگەن[6]. شۇنداقلا «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» بىر مۇسۇلماننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئېتىقاد، ئىبادەت، ئەدەپ - ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە خىلمۇخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق پۈتۈن ساھەلەردە، ئەڭ مۇھىمى ئاللاھ تائالاغا قانداق قۇلچىلىق قىلىپ، مۇكەممەل بىر مۇسۇلمان سۈپىتىدە ياشىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ

[4] ئىمام سەرەخسىي: «ئۇسۇلۇس سەرەخسىي»، 1 ـ جىلد، 279 ـ بەت؛ ئىبنى ھاجىب: «مۇنتەھەل ۋۇسۇلى ۋەلئەمەل فىي ئىلمەيىل ئۇسۇلى ۋەلجەدەل»، 33 ـ بەت؛ قازى بەيزاۋى: «مىنھاجۇل ۋۇسۇل ئىلا ئىلمىل ئۇسۇل»، 51 ـ بەت؛ ئامىدىي: «ئەلئىھكام فىي ئۇسۇلىل ئەھكام»، 1 ـ جىلد، 158 ـ بەت؛ ئىبنى ئەقىيل: «ئەلۋازىھ فىي ئۇسۇلىل فىقھ»، 1 ـ جىلد، 90 ـ بەت.

[5] سۈرە ئال ئىمران، 31 ـ ۋە 132 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە نىسائ، 59 ـ، 65 ـ ۋە 80 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە نۇر، 54 ـ، 56 ـ ۋە 63 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەت؛ سۈرە ھەشر، 7 ـ ئايەت.

[6] ئىمام زەركەشىي: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت فى ئۇسۇلىل فىقھى»، 3 ـ جىلد، 239 ـ بەت؛ بەربەھارىي: «شەرھۇسسۈننە»، 35 ـ بەت.

بۇ دۇنيادا ھەقىقىي مۇسۇلمانچە ياشىشى ئۈچۈن، ئەنە شۇ «ھەدىس» ۋە «سۈننەت»نىڭ نېمىلىكىنى توغرا تونۇپ، توغرا مۇئامىلە قىلىپ ياشىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

«ھەدىس» ۋە «سۈننەت» مەسىلىسى ئىسلامدا ئەنە شۇنداق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئەزەلدىن بىرى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىنىپ، ئەڭ كۆپ مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا ئاۋام - خەلق ئارىسىدىمۇ ئەڭ كۆپ بەس - مۇنازىرە قىلىنىپ كەلگەن مەسىلىلەردىن بىرىدۇر. جۈملىدىن، بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن دەتالاشلار بار ۋە مەزكۇر دەتالاشلار ئىچىدە «ھەدىس» ۋە «سۈننەت»نىڭ نېمىلىكىنى خاتا چۈشىنىش ۋە خاتا چۈشەندۈرۈشلەرمۇ مەۋجۇت. مەزكۇر خاتا چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشلەر «سۈننەت» ۋە «ھەدىس» ھەققىدە نۇرغۇن ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقلىرى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «سۈننەت» ئاتالغۇسى داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلىدۇ، شۇڭا بىر ئىش يا «سۈننەت» بولىدۇ، يا «بىدئەت» بولىدۇ، دېيىدىغان خاتا ئاڭ شەكىللەندۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، «سۈننەت» ئاتالغۇسى بەزىدە بىدئەت ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلسا، بەزىدە باشقا مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «سۈننەت» ئاتالغۇسى مۇھەددىسلەرنىڭ ئىستىمالىدا ھەدىس ئۇقۇمى بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىلىدۇ؛ ئۇسۇلشۇناس (ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى) ئۆلىمالارنىڭ ئىستىمالىدا «قۇرئان، ئىجمائ، قىياس» قاتارلىق شەرئىي دەلىللەرگە پاراللېل ھالدا قوللىنىلىدۇ (بۇ مەنىدە يەنە «ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىلغان بولىدۇ)؛ فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستىمالىدا بولسا «پەرز، ۋاجىپ، مۇستەھەپ، مەكرۇھ...» قاتارلىق شەرئىي ئەھكاملارغا پاراللېل ھالەتتە قوللىنىلىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئوخشىمىغان مەنىلەردە قوللىنىلىدىغان ئۇقۇملار ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ۋە بۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئېڭىدا بۇ ئىككى ئۇقۇم ئايدىڭ بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، كاللىسىدا «ھەدىس = سۈننەت» دېيىدىغان فورمۇلا تۈزۈۋېلىپ، مەلۇم يوللۇق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرەر ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغان بىر مۇسۇلماننى ياكى ئالىمنى كۆرسە، ئۇنىڭغا دەرھال «بىدئەتچى، مۇرجىئىي، ئازغۇن» دېگەندەك تۆھمەتلەرنى توقۇيدىغان خەتەرلىك ئەھۋاللار ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ كاللىسىدا «سۈننەت» ئۇقۇمى ھەققىدە ئېنىق ھەم ساغلام چۈشەنچە يوق. مەسىلەن، بۇلار بىرەر مەسىلە ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان ۋە ئۆزى بىلگەن بىرەر ھەدىسكە تايىنىپلا، مەزكۇر ھەدىستە كەلگەن ئىشنى «سۈننەت» دەپ قاراپ، ئۇنى باشقىچە يوسۇندا ئىجرا قىلغانلارنى «بىدئەتچى» ياكى قىلماي قالغانلارنى «سۈننەتنى تەرك ئەتكۈچى مۇرجىئىي» دەپ قارىلايدۇ. ئۇ

ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ياكى داۋاملاشتۇرمىغانلىقىغا، ئۇ ئىشنىڭ ئەمەلىي ئىجرائاتىدا ئىزچىللىق بار - يوقلۇقىغا، مۇسۇلمانلارنى ئۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان شەرئىي تەلەپنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە قارىمايدۇ. پەقەت ئۇلار مۇھەددىسلەرنىڭ ئىستېمالىدىكى «ھەدىس» ئۇقۇمىغا مەنداش بولغان «سۈننەت» ئاتالغۇسىنى ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ - دە، بىر ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغان يا باشقىچە ئەمەل قىلغان بىرىنى كۆرسە، دەرھال «بىدئەتچى، مۇرجىئىي، ئازغۇن» دەپ قارىلاشقا ئالدىرايدۇ. ھالبۇكى، مۇھەددىسلەرنىڭ، ئۇسۇلشۇناسلارنىڭ ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ ئىستېمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى ئاساسەن «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلمايدۇ. ئەمما، بۇ ھەقتە ئەتراپلىق بىلىمى بولمىغان، چۈشەنچىسى تېيىز، چالا موللا ياكى قۇلاق موللىسى بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ئۇقۇمنىڭ قەيەردە، قانداق شەكىلدە، قانداق مەنىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئۇقمايلا، ئۆزلىرىچە خاتا چۈشىنىۋېلىپ ۋە خاتا چۈشەندۈرۈپ، ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقى تۇغدۇرۇۋاتىدۇ؛ نەتىجىدە ئۆزىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇپ، مۇسۇلمان جەمئىيىتىمىزدە ئورۇنسىز بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ؛ ئۇدۇل كەلگەن كىشىلەرنى «ئازغۇن، بىدئەتچى، مۇرجىئىي» دېگەندەك بوھتانلار بىلەن قارىلاپ، جەمئىيەتتە پىتنە - پاسات تۇغدۇرۇۋاتىدۇ.



ئەمەلىيەتتە، «ھەدىس» بىرەر ئىشنىڭ «سۈننەت» ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشتىكى ئەڭ مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى ھېسابلانسىمۇ، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدا بەلگىلىك پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا بىرەر ئىش ھەققىدە ھەدىس بولسىلا ئۇ ئىش چوقۇم «سۈننەت» بولىدىغان ياكى بىر ئىشنىڭ «سۈننەت» بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ھەقتە چوقۇم بىر ھەدىس بولۇشى شەرت دېيىدىغان قائىدە يوق. چۈنكى، ئادەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستېمالىدا «سۈننەت» ھېسابلانمايدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنمىغان بولسىمۇ، ساھابىلەردىن تارتىپ باشلىنىپ، ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقى سەۋەبلىك «سۈننەت» بولىدىغان ئىشلارمۇ بار. دېمەك، «ھەدىس» بىلەن «سۈننەت» مۇتلەق بىر نەرسە ئەمەسكى، بۇ ئىككى ئۇقۇم بەزىدە بىر مەنىدە قوللىنىلىدىغان بولسىمۇ، بولۇپمۇ «سۈننەت» ئاتالغۇسى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلغاندا، «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ماھىيەت جەھەتتە بەلگىلىك پەرقلەرگە ئىگە ئۇقۇملاردىندۇر. شۇڭا، سەلەف - سالىھلارمۇ بۇ ئىككى ئۇقۇمغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان. مەسىلەن، يۇقىرىدىمۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىس ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىينىڭ: «سۇفيان ھەدىستە ئىمام، ئەمما سۈننەتتە ئىمام ئەمەس؛ ئەۋزائىي سۈننەتتە ئىمام، ئەمما ھەدىستە ئىمام ئەمەس؛ لېكىن مالىك ھەر ئىككىلىسىدە ئىمامدۇر»[7] دېگەن سۆزىمۇ «ھەدىس» بىلەن «سۈننەت» ئۇقۇمى ئارىسىدا مۇئەييەن پەرقلەر بارلىقىنىڭ يارقىن دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. جۈملىدىن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن تۆت مەزھەپ پېشۋاسى بولغان مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ ھەدىسلا بولسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم «سۈننەت» دەيدىغان ھۆكۈمنى چىقارمىغانلىقىمۇ «ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ پەرقلىق ئۇقۇملار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن ئۆتكەن ئەسىردە ياشىغان ھىندىستانلىق مەشھۇر ئەللامە، مۇھەددىس ھەم فەقىھ سۇلايمان نەدۋى (1884 – 1953) ھەزرەتلىرىمۇ «سۈننەت» ئۇقۇمى بىلەن «ھەدىس» ئۇقۇمى ئارىسىدا چوڭ پەرق بارلىقىنى ئېنىق قەيت قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرىكى ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە: «مەن ئىچىڭلاردا ئىككى ئىشنى قالدۇرۇپ كەتتىم، شۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر: بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى، يەنە بىرى رەسۇلىنىڭ سۈننىتى» دېگەن ۋەسىيىتىدىكى «كىتاب» سۆزى بىلەن بىر يەردە تىلغا ئالغان «سۈننەت» كەلىمىسىدىن كۆزدە تۇتۇلغان ئۇقۇمنىڭ «پالانچى پۇستانچىدىن ۋە پۇستانچى پالانچىدىن... رىۋايەت قىلغان...» دېگەن شەكىلدىكى ئاغزاكى ئىسناد بىلەن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەر ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىزچىل[8] (مۇتەۋاتىر) ئەمەلى ۋە كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ مېڭىشى ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن يولى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ[9].

بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، مەن بۇ ماقالىدە ھەدىسلەرنىڭ «سەھىھ، زەئىف ۋە توقۇلما» دېگەندەك تۈرلىرى ھەققىدە ۋە قانداق ئەمەللەرنىڭ سۈننەت بولۇپ، قانداق ئەمەلنىڭ سۈننەت بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بىرمۇبىر توختىلىپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى بۇ ئايرىم بىر تېما ھەم بۇ ھەقتە يېتەرلىك تەتقىقاتلار بار. بۇ ماقالىدە

[7] قازى ئىياز: «تەرتىيبۇل مەدارىك»، 1 ـ جىلد، 153 ـ بەت.

[8] مەن بۇ ئورۇندىكى ۋە بۇ ماقالىدە باشقا جايلاردىكى «ئىزچىل، ئىزچىللىق» دېگەن سۆزلەردىن مەزكۇر ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئۆمۈر تەرك ئەتمەي، ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان دېمەكچى ئەمەسمەن. مەن بۇ سۆزدىن «سۈننەت»نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلار بەزىدە تەرك ئەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىي ئىجرائاتى تاشلىنىپ قالماي، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن ئىشلار ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتماقچىمەن.

[9] سۇلايمان نەدۋى: «تەھقىيقۇ مەئنەسسۈننە ۋە بەيانۇل ھاجەتى ئىلەيھا»، مەنار ژۇرنىلى، 30 ـ سان، 685 ــ 684 ـ بەتلەر.

پەقەت «ھەدىس» ۋە «سۈننەت»نىڭ قانداق ماھىيەتلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت ۋە قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، بۇ ھەقتىكى ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقىنى قولۇمدىن كېلىشىچە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زۆرۈر تېپىلغاندا، ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلىدىغان «سۈننەت» ئۇقۇمى بىلەن «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلمايدىغان «سۈننەت» ئۇقۇمى ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىمنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتىمەن.

مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى مەقسىتىم «سۈننەت» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسىنى چۆرىدىگەن ئاساستىكى ۋە شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىكى «ئىزچىللىق، ئۈزلۈكسىزلىك» خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىرىنىڭ «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدىكى «سۈننەت» بولىدىغانلىقىنى، ئەمما مەيلى مۇھەددىسلەر، مەيلى ئۇسۇلشۇناسلار ۋە مەيلى فىقھشۇناسلار بولسۇن، پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئىستېمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ مۇتلەق شەكىلدە «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلمايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتۇر.

بىر مەسىلىنى ئەتراپلىق ھەم توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ مەسىلىگە ئائىت ئۇقۇملارنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇقۇملار ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغاندا، يۇقىرىقىدەك ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقى يۈز بېرىپ، ھېچبىر مەسىلىنى لايىقىدا چۈشەنگىلى ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ھەرقانداق ئۇقۇم مەزكۇر ئۇقۇم ئۈچۈن قوللىنىلغان ئاتالغۇنىڭ ئالدى بىلەن سۆزلۈكتىكى مەنىسىدىن، ئاندىن قالسا ئىستېمالدىكى مەنىسىدىن ئايرىلالمايدۇ ۋە ئىستېمالدىكى مەنىمۇ سۆزلۈكتىكى مەنىنى چۆرىدىگەن ھالدا قوللىنىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىر ئۇقۇم ئۈچۈن قوللىنىلغان ئاتالغۇنىڭ قايسى ساھەدە، نېمە ئۈچۈن، قانداق تەرىقىدە قوللىنىلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە توغرا تونۇشقا ئىگە بولمىغاندا، ئۇقۇملار قالايمىقانلىشىپ، مەسىلە توغرا چۈشىنىلمەيدۇ. نەتىجىدە ئىنسان ئۆزىمۇ خاتالىشىپ، باشقىلارنىمۇ خاتالاشتۇرىدىغان ئىشلار سادىر بولىدۇ. شۇڭا، مەن ئالدى بىلەن «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ئۇقۇمى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**ھەدىس ۋە سۈننەت ئۇقۇمى ھەققىدە**

ھەدىس – سۆزلۈكتە «سۆز، خەۋەر» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ[10]، ئىستېمالدا ئىككى دۇنيالىق رەھبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان رىۋايەتلەرنىڭ ئومۇمىغا بېرىلگەن

[10] سۈرە نىسا، 87-ئايەت، سۈرە زۇمەر، 18-ۋە 23-ئايەتلەر؛ ئىبنى مەنزۇر: «لىسانۇل ئەرەب»، «حدث» ماددىسى، 797-بەت.

ئومۇمىي نامدۇر[11]. «ھەدىس» كەلىمىسى سۆزلۈكتە بەزىدە «يېڭى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولسىمۇ، بەزىلەر گۇمان قىلغاندەك «يېڭىدىن پەيدا بولغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن كېيىن پەيدا قىلىنغان، يېڭى، توقۇلما رىۋايەتلەر» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۇقتۇرمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ ئاتالغۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، قۇرئان كەرىم نازىل بولۇۋاتقان چاغدا ئۇنى قۇرئان كەرىمدىن ئايرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ئىزلىرىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم[12]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاغزاكى رىۋايەت يولى بىلەن ئۆزئارا ۋە كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلگەن بولسا، ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرگە كەلگەندە مەشھۇر تابىئىن ئىبنى شىھاب زۆھرىينىڭ ھەدىسلەرنى توپلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشى بىلەن باشلىنىپ، ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم قاتارلىق مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ ھەدىس توپلاش پائالىيىتى بىلەن كىتابلارغا پۈتۈلگەن ۋە شۇ بويىچە داۋاملىشىپ، يەنە باشقا نۇرغۇن مۇھەددىس ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئىزچىل توپلىنىپ، رەتلىنىپ، ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت، جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرىگە ئائىت نەقىل قىلىنغان پۈتۈن رىۋايەتلەر ھەدىس توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزكۇر رىۋايەتلەر ئىچىدە «سەھىھ، زەئىپ، توقۇلما» دېگەندەك تۈرلەرنىڭ بارلىقى ۋە بۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى ئايرىم بىر تېما بولۇپ، بۇ تېمىلار «ھەدىس ئىلمى» ساھەسىدە ئەتراپلىق ھەم يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىنغان. بۇ ماقالىدە ھەدىسلەرنىڭ بۇ تۈرلىرىنى



يورۇتۇپ بېرىش مەقسەت قىلىنمىغان بولغاچقا، مەن بۇ ھەقتە توختىلىپ ئولتۇرمايمەن.

سۈننەت – سۆزلۈكتە «ياخشى ياكى يامان بولسۇن مېڭىپ ئادەتلەنگەن يول، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇلغان ئىش - ئىز» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ[13]. ئىبنى مەنزۇر مەشھۇر لۇغەتشۇناس شەمىر ئىبنى ھەمدەۋىينىڭ «سۈننەت» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى ھەققىدە: «سۈننەت كەلىمىسى ئەسلىدە يولنىڭ بېشى دېگەن بولىدۇ. يەنى دەسلەپتە ئىلگىرىكىلەر ماڭغان، ئاندىن كېيىنكىلەر ئىلگىرىكىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىۋەرگەنلىكتىن داغدام

[11] نۇرۇددىن ئەتر: «مەنھەجۇننەقد فىي ئۇلۇمىل ھەدىس»، 27 ـ بەت.

[12] جامالۇددىن قاسىمي: «قەۋائىدۇت تەھدىيس مىن فۇنۇنى مۇستەلەھىل ھەدىس»، 36 ـ بەت.

[13] ئىمام شەۋكانىي: «ئىرشادۇل فۇھۇل ئىلا تەھقىيقى ئىلمىل ئۇسۇل»، 67 ـ بەت؛ ئىبنى ئەمىرىلھاج ئەلھەلەبىي: «ئەتتەقرىير ۋەتتەھبىير»، 2 ـ جىلد، 288 ـ بەت.

هالەتكە كەلگەن يول» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ[14]. مەشھۇر لۇغەتشۇناس ئىبنى فارىس ئەرەب تىلىدىكى «سىن» ۋە «نۇن» ھەرپىدىن تەركىب تاپقان «سىن (ئوقۇلۇشى: سەننە)» كەلىمىسىنىڭ «بىر ئىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇدقا كېلىپ تۇرۇشى ۋە ئاستا - ئاستا ئومۇملىششى» دېگەن مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى، ئەرەبلەرنىڭمۇ بىر ئىشتىكى ئىزچىللىقنى ۋە ئارقىمۇئارقا ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇشۇ كەلىمىنى قوللىنىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن، «سۇنىڭ ئارقىمۇئارقا تۆكۈلۈشى»نى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن «سننت الماء» دەپ قوللىنىدىغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئىچىدىن ئىزچىللىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىرىنىڭمۇ دەل مۇشۇ سۆزدىن تۇرلەنگەن



«سۈننەت» نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[15].

«سۈننەت» كەلىمىسى قۇرئان كەرىمدىمۇ «يول، قانۇنىيەت، ئادەت» دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلغان: ﴿سُنَّةَ مَن قَد أَرسَلنَا قَبلَكَ مِن رُّسُلِنَا وَلَاتَجِدُ

[14] ئىبنى مەنزۇر: «لىسانۇل ئەرەب»، «سُنَّةَ» ماددىسى، 2125 ـ بەت؛ زەبىيدىي: «تاجۇلئەرۇس»، 35 ـ جىلد، 232 ـ بەت.

[15] ئىبنى فارىس: «مۇئجەمۇ مەقايىيسللۇغە»، 3 ـ جىلد، 61 ــ 60 ـ بەتلەر.

لِسُنَّتِنَا تَحوِيلًا﴾... (بۇ بىزنىڭ) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز ھەققىدە تۇتقان يولىمىزدۇر. بىزنىڭ تۇتقان يولىمىزدا ئۆزگىرىش تاپالمايسەن»[16]؛ ﴿فَهَل يَنظُرُونَ إِلَّا سُنَّتَ الأَوَّلِينَ فَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَبدِيلًا وَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَحوِيلًا﴾... ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە قوللىنىلغان (ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولىنىلا كۈتىدۇ. ئاللاھنىڭ (تۇتقان) يولىدا ھەرگىز ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن، ئاللاھنىڭ يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ كۆرمەيسەن﴾[17]. بۇ ئايەتلەردە «سۈننەت» كەلىمىسى «يول، قانۇنىيەت» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا پەيغەمبەرلىرىگە ۋە گۇناھكار قەۋملەرگە ئىزچىل بىر خىل يول تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئايەتلەر ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ئايەتلەر «سۈننەت» كەلىمىسىنىڭ ئىزچىللىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان «يول، قانۇنىيەت، ئادەت» دېگەن مەنىلەرنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىللىرىدىندۇر.

ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرىدىمۇ «سۈننەت» كەلىمىسى «يول، ئادەت» مەنىسىدە قوللىنىلغان: «مَن سنّ في الإسلام سُنةً حسنة، فله أجرها وأجر مَن عمِل بها بعده مِن غير أن ينقص من أجورهم شيء، ومَن سنّ في الإسلام سُنةً سيِّئة، كان عليه وزرها ووِزْر مَن عمل بها بعده من غير أن ينقَص من أوزارهم شيء» «كىمكى ئىسلامدا ياخشى

[16] سۈرە ئىسرا، 77 ـ ئايەت.

[17] سۈرە فاتىر، 43 ـ ئايەت.

بىرەر ئىشنى يولغا قويسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنى يولغا قويغانلىقنىڭ ئەجرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ ئىشقا ئەمەل قىلغان پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ... يەنە كىمكى ئىسلامدا يامان بىرەر ئىشنى يولغا قويسا، ئۇنىڭغا ئاشۇ ئىشنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ ئىشقا ئەمەل قىلغان پۈتۈن كىشىلەرنىڭ گۇناھىغا ئوخشاش گۇناھ بولىدۇ...»[18]؛ «لَتَتَّبِعُنّ سَنَنَ مَن قَبْلَكُمْ شِبْرًا بِشِبْر، وَذِرَاعًا بِذِرَاعٍ، حتّى لو سَلَكُوا جُحْرَ ضَبٍّ لَسَلَكْتُمُوهُ» «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئادەتلىرىگە، يوللىرىغا غېرىچمۇغېرىچ، قەدەممۇقەدەم ئەگىشىسىلەر، ناۋادا ئۇلار كەسلەنچۈكنىڭ ئۇۋىسىغا كىرسە، سىلەرمۇ (ئۇلارغا ئەگىشىپ) شۇ يەرگە كىرىسىلەر...»[19].

كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ھەمدە بۇ يەردە نەقىل قىلىنمىغان باشقا نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەردە «سۈننەت» كەلىمىسى «يول، قانۇنىيەت ۋە ئادەت» دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلغان بولۇپ، مەن بۇ ماقالىدە ئالاھىدە تەكىتلىمەكچى بولغان نۇقتا – بۇ كەلىمىنىڭ سۆزلۈكتىكى مەنە ۋە ئۇقۇملىرىنىڭ بۇ ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتتى بارلىقىدۇر. يەنى مەن بۇ ماقالىدە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگە ئېلىشى ۋە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشى تەلەپ قىلىنغان، ناۋادا خىلاپلىق قىلسا «بىدئەتچى» بولىدىغان «سۈننەت»نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەييەن ئۈلگىلىك ئىش - ھەرىكەت ۋە ئەمەللەرنى يولغا قويۇش مەقسىتىدە قىلغان، «يول، قانۇنىيەت، ئادەت» دېگەنگە ئوخشاش ئىزچىللىق ۋە ئۈزلۈكسىزلىك خاراكتېرىگە بولغان ئىشلار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە تەرك ئەتكەن بولسىمۇ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئىزچىل ماڭغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇسۇلمانلارمۇ شۇ بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچىمەن. شۇنداقلا بۇ ماقالىدە دەل مۇشۇ مەنىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مۇشۇ مەنىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدىكى «سۈننەت» ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ «ھەدىس» ئۇقۇمىدىن پەرقلىق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكچىمەن.

ئەمدى «سۈننەت» ئاتالغۇسىنىڭ ئىستېمالدىكى مەنىسىگە كەلسەك، «سۈننەت» ئاتالغۇسى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستېمالىدا بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە ماقۇللۇقلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلسا، بەزىدە ساھابىلەرنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ.

[18] سەھىھ مۇسلىم، زاكات، 1017 ـ ھەدىس.

[19] سەھىھۇل بۇخارىي، ئەھادىيسۇل ئەنبىيا، 3456 ـ ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە توغرا يولدا ماڭغان، توغرىغا يېتەكلەنگەن خەلىپىلىرىمنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار» دېگەن سۆزى بۇنىڭ دەلىلىدۇر[20]. شۇنىڭدەك، «سۈننەت» كەلىمىسى بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت»كە زىت مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، بىراۋ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەللىرىگە ئۇيغۇن ئەمەل قىلغان بولسا، «پالانچى سۈننەت ئۈستىدە» دېيىلىدۇ؛ ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنىغا خىلاپ ئەمەل قىلسا، «پالانچى بىدئەت ئۈستىدە» دېيىلىدۇ. يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ھەدىسنىڭ تولۇق ۋارىيانتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ سۈننىتىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن «بىدئەت»نى تىلغا ئالغانلىقىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلەرمۇ ئەينەن ئىجرا قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان ئەمەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلىدىغان «سۈننەت» ئىكەنلىكىنى كۆچلەندۈرىدۇ[21].

دەرۋەقە، ساھابىلەرنىڭ يولىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن يول بولۇپ، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلاردۇر. ساھابىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىغا، دىنىغا ۋە پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مېڭىشتىكى پىداكارلىقلىرى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇتۇپ ماڭغان يولدىن باشقا بىر يول ياكى ئەمەل پەيدا قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مۇشۇ نۇقتىدىن، ئىسلام ئۆلىمالىرى ساھابىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن يول ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگەنلىكى مۇقەررەر.

دىققەت قىلىدىغان بولساق، بۇ ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا «سۈننەت» ئۇقۇمىدىكى «ئىزچىللىق ۋە ئۈزلۈكسىزلىك»نىڭ ھەر دائىم مەۋجۇتلۇقىدۇر. بۇ كەلىمىنىڭ مەيلى سۆزلۈكتىكى «قانۇنىيەت، يول، ئادەت» مەنىسىنى ئالايلى، مەيلى شەرئىي ئىستېمالدىكى «سۈننەت» مەنىسىنى ئالايلى، مەزكۇر مەنىلەرنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىزچىللىق ۋە ئۈزلۈكسىزلىك بار. يۇقىرىدا نەقىل

[20] ئىمام شاتىبىي: «ئەلمۇۋافەقات في ئۇسۇلىش شەرىيئە»، 4-جىلد، 290—289-بەتلەر؛ مۇستافا سىبائىي: «ئەسسۈننە ۋە مەكانەتۇھا فىتتەشرىيئىل ئىسلامىي»، 89-بەت.

[21] ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ... رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «... مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە توغرا يولدا بولغان، توغرىغا يېتەكلەنگەن خەلىپىلىرىمنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئۇنى ئېزىق چىشلىرىڭلار بىلەن چىشلەڭلار، يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. چۈنكى، ھەرقانداق يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىش بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر»، [تىرمىزىي، لۇزۇمۇسسۈننە، 4607-ھەدىس].


قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى قوللىنىلىشىغا قارىغىنىمىزدا، مۇشۇ مەنىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى، ئادەتتە بىر ئىش ئىزچىل داۋاملاشمىسا، ئۇ ئىشنىڭ قائىدىۋى قانۇنىيەتكە ئايلانمايدىغانلىقى؛ بىر جايدىن ئىنسانلار ئىزچىل مېڭىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ جاينىڭ يول بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئادەتنى ئالىدىغان بولساق، ئۇزۇن مەزگىل ئىزچىل داۋاملاشمىغان ئىشمۇ كۆزدە تۇتۇپ قىلىنغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولۇپ[22]، بۇ زاتمۇ ئىسلامدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ ئىزچىللىق ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشتىن ئىبارەت خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز بۇ ماقالىدە ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان «سۈننەت» ئاتالغۇسىنىڭ سۆزلۈكتىكى «ئىزچىللىق» مەنىسى بىلەن



ئادەت بولالمايدۇ. مەسىلەن، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ «پالانىنىڭ مۇنداق ئادىتى بار» دېيىلسە، ئۇنىڭ ئىزچىل شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ياكى بىر ئۆمۈر شۇنداق قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىمۇ مۇشۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، مەشھۇر ئۇسۇلشۇناسلاردىن ئىمام جەسساسمۇ «سۈننەت»نىڭ ئېنىقلىمىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئەمەلىيىتىدە قىلغان ياكى ئاغزىدا دېگەن ھەمدە ئۆزىدىن كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆزىنى ئۈلگە قىلىپ، ئەينەن داۋاملاشتۇرۇشىنى مۇھەددىسلەر، فىقھشۇناسلار ۋە ئۇسۇلشۇناسلارنىڭ ئىستىمالىدىكى مەنىلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە باغلىنىشلار ۋە پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ باغلىنىش ۋە پەرقلەر مەزكۇر ئۆلىمالارنىڭ ئىستىماللىرىدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ پەرقلەر ۋە باغلىنىشلار ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سۈننەتنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى ئۆلىمالار ئارىسىدا قانداق مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى:

[22] جەسساس: «ئەلفۇسۇل فىلئۇسۇل»، 3 ـ جىلد، 235 ـ بەت.




## مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ ئىستىمالىدا سۈننەت

مۇھەددىس ئۆلىمالار ئۆزلىرى بېكىتكەن رىۋايەت شەرتلىرىگە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان ھەرقانداق گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە ماقۇللۇقلارغا، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي سۈپەتلەرگە ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە توپلايدۇ ھەمدە مەزكۇر رىۋايەتلەر مەيلى پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرگە تەۋە بولسۇن، (پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ، مەكرۇھ دېگەندەك) بىرەر شەرئىي ئەھكامنى ئىسپاتلىسۇن ياكى ئىسپاتلىمىسۇن، مەزكۇر رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىنى ھەم «ھەدىس»، ھەم «سۈننەت» دەپ ئاتايدۇ[23]. چۈنكى، مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن پۈتۈن رىۋايەتلەرنى جەملەش ۋە مەزكۇر رىۋايەتلەر ئىچىدىن سەھىھ، زەئىف ياكى توقۇلما دېگەندەك تۈرلىرىنى ئىلغاپ چىقىش بولۇپ، ئۇلار ئەسەرلىرىدە نەقىل قىلغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرەر شەرئىي ئەھكامغا دەلىل بولۇشقا يارايدىغان ياكى يارىمايدىغانلىقىغا قارىمايدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن رىۋايەتلەر ئىچىدىن پەقەت بىرەر شەرئىي ئەھكامغا دەلىل بولۇشقا يارايدىغان ھەدىسلەرنىلا جەملەش بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي سۈپەتلىرىگە ئائىت ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىت رىۋايەتلەرنى ئەسەرلىرىگە كىرگۈزمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ جىسمانىي سۈپەتلىرى ۋە پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى مەزكۇر پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ شەرئىي ئەھكام مەنبەسى ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك، ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئۆز

[23] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي: «فەتھۇلبارىي»، 24 ـ جىلد، 6 ـ بەت؛ مۇستافا سىبائىي: «ئەسسۈننە ۋە مەكانەتۇھا فىتتەشرىئىل ئىسلامىي»، 89 ـ بەت؛ نۇرۇددىن ئەتىر: «مەنھەجۇننەقد فىي ئۇلۇمىل ھەدىس»، 27 ـ بەت.

پەيغەمبىرىگە جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ئوخشاش بولۇشقا بۇيرۇلمىغان ھەمدە ھەركىم جىسمانىي جەھەتتىن پەيغەمبىرىگە ئوخشاش يارىتىلمىغان. ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ[24]. ئەمما يۈرۈش - تۇرۇش، ئولتۇرۇپ - قوپۇش، يەپ - ئىچىش ۋە كىيىنىش قاتارلىق دۇنيالىق ئىشلاردىمۇ رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش بولۇشقا تىرىشىش ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈنىڭ ئىپادىلىرىدىن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن مەزكۇر ئىشلارنى رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش قىلالايدىغانلارنىڭ شۇنداق قىلىشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىشى ئالقىشقا سازاۋەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان بىرەر گەپ - سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ مۇھەددىسلەرنىڭ ئىستىمالىدا «ھەدىس» ياكى «سۈننەت» دەپ ئاتىلىشى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆمرىدە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغان بولۇشى ياكى بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان بولۇشى شەرت ئەمەس. بەلكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانسىلا، رەسۇلۇللاھ ئۆمرىدە بىرەر قېتىم ياكى بىرقانچە قېتىم قىلىپ، كېيىن تەرك ئەتكەن؛ ھەتتا مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلى بىر قېتىملا قىلىپ ياكى دەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەقەت قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، مەزكۇر گەپ - سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەتلەر مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ھەم «ھەدىس»، ھەم «سۈننەت» دەپ ئاتىلىۋېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ تىپتىكى پۈتۈن رىۋايەتلىرى توپلانغان كىتابلارنىڭ «سۈنەن ئەبى داۋۇد، سۈنەن تىرمىزىي، سۈنەن نەسائىي، سۈنەن ئىبنى ماجە، سۈنەن دارەقۇتنىي» دېگەنلەرگە ئوخشاش «سۈنەن» دەپ ئاتىلىشىمۇ مۇھەددىسلەرنىڭ ئىستىمالىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان پۈتۈن رىۋايەتلەرنىڭ «سۈننەت» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىڭ پاكىتلىرىدىن بىرىدۇر. ھەتتا كۆپ سانلىق مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىدا ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىمۇ «سۈننەت» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ[25]، بۇمۇ «ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن بىر مەنىدە. جۈملىدىن، ئىمام بەيھەقىي ئۆزىنىڭ رىۋايەتلىرىنى توپلىغان كىتابىنى «سۈنەنۇل كۇبرا» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇ زاتنىڭ مەزكۇر كىتابى ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ۋە ئىجرائاتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر زىمىندا، بىر جەمئىيەتتە، بىۋاسىتە ئارىلىشىپ ياشىغان، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر سۆزىنى بىرمۇبىر بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن قەتئىي چىقمايتتى. بۇ نۇقتىدىن، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغانلىرى ياكى ئەمەلىيىتىدە قىلىپ كۆرسەتكەن ئىشلار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر سۆزىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەتتا جېنىنىمۇ پىدا


[24] سۇرە بەقەرە، 286 ـ ئايەت.

[25] نۇرۇددىن ئەتر: «مەنھەجۇننەقد فىي ئۇلۇمىل ھەدىس»، 28 ـ بەت.

قىلىشتىن ئېھتىياتلىنىپ قالمايتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىمۇ «سۈننەت»نىڭ دائىرىسىگە كىرىشى مۇقەررەردۇر.

تابىئىنلارمۇ ساھابىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى، شاگىرتلىرى ۋە ھەمسۆھبەتلىرىدۇركى، ئۇلار ساھابىلەرگە ئارىلىشىپ ياشىغان، ھەدىس، سۈننەت ۋە ئەمەللەرنى ساھابىلەردىن بىۋاسىتە ئۆگەنگەن، بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى بىرمۇبىر ئۇلگە قىلىپ ياشىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار دىنغا ئائىت قىلغان ئىشلار ياكى دېگەن گەپ - سۆزلەر ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ساھابىلەرنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق يەتكەن ئىش ۋە سۆزلەردۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، تابىئىنلارنىڭ بەزى گەپ - سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭمۇ «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىگە كىرىشىنىڭ نۇقتىلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى مۇشۇ بولسا كېرەك.

## ئۇسۇلشۇناس (ئۇسۇلفىقھ) ئۆلىمالارنىڭ ئىستىمالىدا سۈننەت




ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستىمالىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتكە (شەرئىئەتكە) ياتىدىغان گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە ماقۇللۇقلىرى ھەمدە بەزىدە ساھابىلەرنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىمۇ قوشۇلۇپ «سۈننەت» ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن «سۈننەت» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئىبادەتتە تۇتۇپ ماڭغان يولىدۇر. ھەتتا ئىلگىرىكى سەلەف سالىھ ئۆلىمالارنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ گەپ - سۆز ياكى ئىش ھەرىكىتىنى مەقسەت قىلىپ «سنة العمرين» دەيدىغانلىقىمۇ نەقىل قىلىنىدۇ[26]. مەشھۇر ئالىم ئىبنى نۇجەيممۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنىڭ سۈننەت دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ[27]. ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسىم ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنىمۇ «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈشىنىڭ سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە توغرا يولدا بولغان خەلىپىلىرىمنىڭ سۈننىتىگە مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەڭلار»[28] دېگەن ھەدىسى ۋە مۇشۇ مەزمۇندىكى باشقا ھەدىسلەردۇر. يەنە شۇنىڭدەك، ئۇلار «سۈننەت»نى شەرئىي ئەھكاملارنىڭ دەلىللىرى ئىچىدىن قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىككىنچى دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىن ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالارنىڭ

[26] ئىمام سەرەخسىي: «ئۇسۇلۇس سەرەخسىي»، 1 - جىلد، 113 ـــ 114 - بەتلەر.

[27] ئىبنى نۇجەيم: «فەتھۇل غەففار بشەرھل مەنار»، 2 - جىلد، 71 - بەت.

[28] سۈنەن تىرمىزىي، كىتابۇسسۈننە، 4607 - ھەدىس.

ئىستېمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى مۇھەددىسلەرنىڭ ئىستېمالىدىكى «ھەدىس ۋە سۈننەت» ئۇقۇمى بىلەن بىر مەنىگە ئىگە.

لېكىن، ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى بىلەن مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى ئارىسىدا مەلۇم پەرقلەرمۇ بار. بۇ پەرقلەردىن بىرى شۇكى، مۇھەددىس ئۆلىمالار ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي سۈپەتلىرىنىمۇ سۈننەت ئۇقۇمى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، ئەمما ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي سۈپەتلىرىنى سۈننەت ئۇقۇمى دائىرىسىگە كىرگۈزمەيدۇ[29].

بۇ ئىككى ئىستېمال ئارىسىدىكى يەنە بىر پەرق شۇكى، مۇھەددىسلەرنىڭ ئىستېمالىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان ھەربىر رىۋايەت بىر «سۈننەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر رىۋايەتتە بايان قىلىنغان ئىشنىڭ بىرەر شەرئىي ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدىغان - ئىپادىلىمەيدىغانلىقىغا قارالمايدۇ. مەيلى گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت، ئەخلاقىي ۋە ياكى جىسمانىي سۈپەتلەر بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىتلىقى ئىسپاتلانسىلا، بۇ رىۋايەت مۇھەددىسلەرنىڭ ئىستېمالىدا ھەم «ھەدىس»، ھەم «سۈننەت» ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بۇ ئۇسۇلشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە «سۈننەت» ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بىر ئىشنىڭ شەرئىي جەھەتتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلگە قىلىشى ۋە بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىنغان سۈننەت بولۇشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىشنى بەزىدە ھېچبىر زۆرۈرىيەتسىز ھالدا تەرك ئەتكەن بولسىمۇ، ئاساسەن ئۆمۈر بويى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان بولۇشى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنغان بىر شەرئىي ھۆكۈمنى يولغا قويۇش مەقسىتىدە قىلغان بولۇشى شەرت. شۇڭا، مەشھۇر لۇغەتشۇناس ئىمام كىسائىيمۇ «سۈننەت»نىڭ مەنىسى «داۋام، ئىزچىللىق» دېگەن بولىدۇ، دەيدۇ ۋە بۇ سۆزنىڭ ئەرەبلەردىكى «سۇنى ئارقىمۇئارقا تۆكۈش» مەنىسىدىكى «سننت الماء» سۆزىدىن ئېلىنغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ[30]. مەشھۇر ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالاردىن ئىمام جەسساسمۇ «سۈننەت»نىڭ ئېنىقلىمىسىدا: «مۇسۇلمانلار ئۆلگە قىلسۇن ۋە شۇ بويىچە داۋاملاشتۇرسۇن ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەلىيەتتە قىلغان ياكى ئاغزىدا دېگەن ئىشلاردۇر»[31] دېيىش ئارقىلىق ئىسلامدا «سۈننەت» بولىدىغان ئىشنىڭ بىرىنچىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئۆلگە تىكلەپ بېرىش ئۈچۈن قىلغان؛ ئىككىنچىدىن، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنى ئۆلگە قىلىپ، ئەينەن داۋاملاشتۇرۇشىنى كۆزلەپ قىلغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

يەنە ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدا «سۈننەت» ئاتالغۇسى

[29] نۇرۇددىن ئەتر: «مەنهەجۇننەقد فىي ئۇلۇمىل ھەدىس»، 29 ـ بەت.

[30] شەۋكانىي: «ئىرشادۇل فۇھۇل ئىلا تەھقىيقى ئىلمىل ئۇسۇل»، 67 ـ بەت.

[31] جەسساس: «ئەلفۇسۇل فىلئۇسۇل»، 3 ـ جىلد، 235 ـ بەت.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەلۇم بىرەر مەسىلە ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان پۈتۈن ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن چىقىرىلغان يەكۈننى، يەنى شەرئىي بىر ھۆكۈمنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالار «پالان مەسىلىگە سۈننەتتىن دەلىل» دېگەن ئىبارىنى قوللانسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى كۆزدە تۇتسا، «پالان ئىش سۈننەتتۇر» دېگەن ئىبارىنى قوللانغاندا بولسا، مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە ھۆكۈمنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىستېمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى بەزىدە ساھابىلەردىن ۋە تابىئىنلاردىن كەلگەن رىۋايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار: «پالان مەسىلىگە سۈننەتتىن دەلىل پالان - پۈستان رىۋايەتلەر» دېگەندە، مەزكۇر مەسىلىگە دائىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ساھابىلەردىن ھەتتا تابىئىنلاردىن كەلگەن رىۋايەتلەردىن دەلىل بولۇشقا يارايدىغان بىر يىغىندىنى كۆزدە تۇتقان بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇسۇلشۇناس ئۆلىمالارنىڭ «قۇرئان، سۈننەت، ئىجما، قىياس ۋەھاكازالار... شەرئىي ئەھكامنىڭ دەلىللىرىدۇر» دەيدىغان ئىبارىلىرىدىكى «سۈننەت» ئىپادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن كەلگەن رىۋايەتلەردۇركى، بۇلارنىڭ ئىستېمالىدا «سۈننەت» ئۇقۇمى شەرئىي ئەھكامنىڭ دەلىللىرىدىن بولغان «قۇرئان، ئىجمائ، قىياس ۋەھاكازا...» دەلىللەرگە پاراللېل ھالەتتە، مەزكۇر دەلىللەردىن بىرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىق نۇقتىسىدىن مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدىكى «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ئۇقۇمى بىلەن بىر مەنىدە؛ ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەمەللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىق نۇقتىسىدىن مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىدىن كەڭرەك مەنىدە

قوللىنىلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

### فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدا سۈننەت

فىقھشۇناس ئۆلىمالار «سۈننەت» ئاتالغۇسىنى «پەرز، ۋاجىپ، مۇستەھەپ، مەكرۇھ، ھالال، ھارام...» قاتارلىق شەرئىي ئەھكاملاردىن بىرى سۈپىتىدە قوللىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار «سۈننەت» ئۇقۇمىغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق ئۆزرىسىز تۇرۇپمۇ بەزىدە تەرك ئېتىش بىلەن بىرگە، داۋاملىق قىلىپ كەلگەن ئىش»[32]؛ «قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدىغان، تەرك ئەتكۈچى جازالانمايدىغان ئىش» دېگەندەك ئېنىقلىمىلارنى بېرىدۇ[33]. جۈملىدىن، مەشھۇر فىقھشۇناس ئۆلىمالاردىن ئىبنى ئابىدىن «سۈننەت» ئۇقۇمىغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىدۇ: «بىر ئىشنى قىلىش ئۇنى تەرك ئېتىشتىن ئەۋزەل بولۇپ، تەرك ئېتىشتىنمۇ چەكلەنمىگەن، ئەمما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن توغرا يولدا بولغان خەلىپىلەر داۋاملاشتۇرغان بولسا، مەزكۇر ئىشنىڭ ھۆكمى سۈننەتتۇر»[34]. يەنى فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا «سۈننەت» ئۇقۇمى شەرئىي دەلىللەر ئارقىلىق قىلىش تەلەپ قىلىنغان، ئەمما پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەللەرگە ئوخشاش قەتئىي تەلەپ قىلىنمىغان، تەرك ئەتكۈچىلەرگە جازا بېكىتىلمىگەن، «تاھارەت ئالغاندا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش، ئوڭ قول بىلەن يەپ - ئىچىش، پەرز نامازلارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازلار» دېگەندەك بىر قاتار ئىشلارنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىشلارنى بەجا كەلتۈرگەن مۇسۇلمانغا ساۋاب بېرىلىدۇ، تەرك ئەتكەنلىككە قارىتا جازالانمايدۇ[35].

دېمەك، فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدا «سۈننەت» ئۇقۇمى «ھەدىس» بىلەن بىر مەنىدىمۇ ئەمەس، «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدىكى «سۈننەت» مەنىسىدىمۇ ئەمەس، بەلكى «پەرز ياكى ۋاجىپ، سۈننەت، مەكرۇھ، ھالال ۋە ھارام» قاتارلىق بەش شەرئىي ئەھكامدىن بىرى سۈپىتىدە، پەرز ۋە باشقا شەرئىي ئەھكاملارغا پاراللېل مەنىدە قوللىنىلىدۇكى، مۇتلەق شەكىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت»كە زىت مەنىدە قوللىنىلمايدۇ.

ئەگەر بۇلارنىڭ ئىستېمالىدا «سۈننەت» ئۇقۇمى مۇتلەق شەكىلدە «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلسا ئىدى، مەزكۇر شەرئىي ئەھكاملار قاتارىدا خۇددى «ھالال»غا زىت مەنىدە «ھارام» قويۇلغاندەك، «سۈننەت»كە زىت مەنىدە «بىدئەت» دېگەن بىر ھۆكۈم قويۇلغان بولاتتى. ھالبۇكى، فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدىكى شەرئىي ئەھكاملارنىڭ قاتارىدا «بىدئەت» دەيدىغان بىر ھۆكۈم يوق. بۇ ئەھۋالمۇ فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدىكى

[32] ئىبنى ئەمىرىلھاج ئەلھەلەبىي: «ئەتتەقرىر ۋەتتەھبىر»، 2 ـ جىلد، 288 ـ بەت.

[33] نۇرۇددىن ئەتر: «مەنھەجۇننەقد فىي ئۇلۇمىل ھەدىس»، 28 ـ بەت.

[34] ئىبنى ئابىدىن: «رەددۇل مۇھتار ئەلەددۇررىل مۇختار»، 1 ـ جىلد، 218 ـ بەت.

[35] ئەمما، سۈننەتنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى دېگەندەك بەزى تەپسىلاتلار مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا كونكرېت بايان قىلىنىدۇ.

«سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ناۋادا فىقھەشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستىمالىدا «پالان ئىش سۈننەتتۇر» دېگەن ئىبارە قوللىنىلسا، ئالدى بىلەن بۇنىڭدىن بۇ ئىش «پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەسكەن» دېگەن مەنە چۈشىنىلىدۇ؛ ئاندىن ئىككىنچى قەدەمدە، ناۋادا بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە فىقھەشۇناس ئۆلىمالار «سۈننەت» دەپ بېكىتكەن شەكلىگە ماھىيەتلىك ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلۈپ قالسا، ئاندىن بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت» بولىدۇ - دە، ئىسلامدىكى «سۈننەت»كە زىت بولىدۇ. بۇ نۇقتىنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن مۇنداق بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى:

ئاللاھ تائالا «تالاق مەسىلىسى» ھەققىدە: **﴿(يارىششقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر. (بىر ئايالنى ئىككى قېتىم تالاق قىلىپ بولغىنىڭلاردىن) كېيىن ئۇنى ياخشىلىق بىلەن نىكاھىدا ساقلاش ياكى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىش لازىم...﴾**[36]؛ **﴿ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە) تالاق قىلىڭلار ۋە ئىددەت (كۈنلىرى) نى ساناڭلار...﴾**[37] دېگەن. يەنە بۇ ھەقتە بىر سەھىھ رىۋايەتتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايالىنى ھەيزدار ۋاقتىدا تالاق قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق دېگەن: «ئوغلۇڭنى بۇيرۇغىن، ئايالى بىلەن يارىشىۋالسۇن. ئاندىن ئۇنى تاكى ھەيزدىن پاكلىنىپ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ھەيز كۆرۈپ، ئاندىن يەنە پاكلىنىپ بولغۇچە نىكاھىدا ساقلىسۇن. ئاندىن كېيىن خالىسا نىكاھىدا ساقلىسۇن، خالىسا يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتسۇن. ئاللاھ تائالا ئاياللارنى تالاق قىلىشقا بۇيرۇغان ئىددەت مانا مۇشۇ»[38]. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايالىنى ھەيزدار ۋاقتىدا بىر تالاق قىلدى. ئاندىن ئۇنى ئىككى قېتىملىق پاكلىقىدا يەنە ئىككى قېتىم تالاق قىلماقچى بولدى. بۇ ئەھۋال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «ھەي ئىبنى ئۆمەر! ئاللاھ تائالا سېنى بۇنداق قىلىشقا (يەنى ئايالىڭنى بۇ شەكىلدە تالاق قىلىشقا) بۇيرۇغىنى يوق. شەكسىزكى، سەن (بۇ ئىشتا) سۈننەتتىن چەتنەپ كېتىپسەن. (بۇ ئىشتىكى) سۈننەت شۇكى، ئالدى بىلەن ئايالىڭ پاكلانسۇن، ئاندىن ھەر قېتىملىق پاكلىقىدا بىر قېتىم تالاق قىلغايسەن»[39].

ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ ھەقتە يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ئايەت - ھەدىسلەرگە ۋە بۇ يەردە نەقىل قىلىنمىغان باشقا ئايەت - ھەدىسلەرگە بىنائەن، ئايالىنى تالاق قىلماقچى

[36] سۈرە بەقەرە، 229 ـ ئايەت.

[37] سۈرە تالاق، 1 ـ ئايەت.

[38] سەھىھۇل بۇخارىي، تەپسىر، 4908 ـ ھەدىس، تالاق، 5251 ـ ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، تالاق، 1471 ـ ھەدىس.

[39] ئىبنى ھەزم: «ئەلمۇھەللا»، 10 ـ جىلد، 169 ـ بەت.

بولغان كىشىنىڭ ئايالى ھەيزدار بولسا، ھەيزدىن پاكلىنىپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتتە بولماي تۇرۇپ تالاق قىلىشىنى؛ ناۋادا ئەر كىشى ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولغاندا ئايالى پاك ھالەتتە بولسىمۇ، ئۇ پاكلىق ئىككىيلەن ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان پاكلىق بولسا، تاكى ئۇ ئايال ھەيز كۆرۈپ، ئاندىن پاكلىنىپ بولغۇچە تالاق قىلماي كۈتۈپ تۇرۇپ، ھەيز كۆرۈپ پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ تالاق قىلىشىنى؛ ناۋادا ئەر كىشى ئايالىنى بىردىن كۆپ تالاق قىلماقچى بولسا، ھەر قېتىملىق پاكلىقىدا بىر قېتىم تالاق قىلىشىنى، بىر قېتىمدىلا ئىككى ياكى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمەسلىكىنى «سۈننەت» دېگەن يەكۈننى چىقارغان ۋە مۇشۇ شەكىلدە تالاق قىلىشنى «سۈننەت تالاق» دەپ ئاتىغان.

ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، بىراۋ ئايالىنى يا ھەيزدار ۋاقتىدا تالاق قىلسا، ياكى پاك ھالىتىدە بولسىمۇ، ئىككىيلەن ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان پاكلىق ئىچىدە تالاق قىلغان بولسا ۋە ياكى بىر قېتىمدىلا بىردىن كۆپ، ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تالاق قىلغان بولسا، ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنى «بىدئەت تالاق» دەپ ئاتىغان. ھەتتا بۇ ئىشنىڭ سۈننەتكە خىلاپ بولغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەمرىنى تەرك ئەتكەنلىك بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئەل - يۇرت ۋە ھەر دەۋردىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئايال كىشىنى بۇ شەكىلدە تالاق قىلىشىنىڭ «ھارام»لىقىدا بىردەك قاراشتا ئىكەنلىكى ۋە بۇ خىلدىكى تالاقنىڭ «بىدئەت تالاق» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئالاھىدە قەيت قىلىنغان[40]. جۈملىدىن، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سۈننەت تالاق ئايال كىشىنى يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ تالاق قىلىشتۇر» دېگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ: (ئاياللىرىڭلارنى ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە) تالاق قىلىڭلار) دېگەن سۆزى ھەققىدە: «پاك ھالەتتە، يېقىنچىلىق قىلماستىن» دېگەن بولىدۇ، دەپ قەيت قىلغان[41]. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزنى ئېيتقان[42]. ئىمام بۇخارىيمۇ: «سۈننەت تالاق – ئايال كىشىنى پاك ھالەتتە، يېقىنچىلىق قىلماستىن، ئىككى گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ تالاق قىلىشتۇر» دەيدۇ[43]. فىقھشۇناسلار قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدە تالاق ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزكۇر قائىدە - پرىنسىپلارغا بىنائەن تالاقنى «سۈننەت تالاق» ۋە «بىدئەت تالاق» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ. مەزكۇر قائىدە - پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولغىنىنى «سۈننەت تالاق» دەپ ئاتىغان بولسا، بۇ قائىدە -

[40] ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنىي»، 10 ـ جىلد، 323 ـــ 335 ـ بەتلەر.

[41] سۈنەن نەسائىي، تالاق، 3394 ـ ۋە 3395 ـ ھەدىسلەر؛ سۈنەن ئىبنى ماجە، تالاق، 2011 ـ ھەدىس؛ بەيھەقىي: «سۈنەنۇل كۇبرا»، 7 ـ جىلد، ئەلخۇلئى ۋەتتالاق، 532 ـ بەت.

[42] دارەقۇتنىي: «سۈنەن دارەقۇتنى»، 5 ـ جىلد، 9 ـ بەت.

[43] سەھىھۇل بۇخارىي، تالاق، 1338 ـ بەت.

پىرىنسىپلارغا خىلاپ بولغانلىرىنى «بىدئەت تالاق» دەپ ئاتايدۇ.

دېمەككى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە تالاق ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قائىدە - پىرىنسىپ ۋە قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن شەكىلدە قىلىنغانلىرى «سۈننەت» بولۇپ، بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلەرمۇ ۋە تا بۈگۈنگە كەلگۈچە ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارمۇ ئىزچىل شۇ بويىچە ئىجرا قىلىپ كەلگەن بىر ئىشتۇر. ناۋادا بىراۋ بۇ ئىشنى مەزكۇر قائىدە ۋە قانۇنىيەتلەرنىڭ ئەكسىچە قىلسا، يەنى «ئايال كىشىنى ھەيزدار ۋاقتىتا تالاق قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ» دېسە ياكى «ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان پاكلىق ئىچىدە تالاق قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ» دېسە ۋە ياكى «بىر قېتىمدىلا ئۈچ قېتىم تالاق قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ» دېسە، ئەزەلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن «سۈننەت»كە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇكى، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت» ئىشنى پەيدا قىلغان بولىدۇ. بۇ مەسىلە ئالدىمىزدا كونكرېت مىساللار ئارقىلىق تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ، ئىنشائاللاھ.

«سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ سۆزلۈكتىكى «ئىزچىللىق، ئۈزلۈكسىزلىك، ئادەت، يول» دېگەندەك مەنىلىرى بىلەن فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ «پالان ئىش سۈننەتتۇر» دېگەن ئىبارىلىرىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، بىر ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى قىلغان ۋە ساھابىلىرىنىمۇ شۇ بويىچە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە تەرك ئەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن ئۆمرىدە ئاساسەن تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلەرمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىش بولسا، بۇ ئىشنى فىقھشۇناسلار «سۈننەت» دەپ ئاتايدۇ. ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە قىلىپ، بەزىدە قىلمىغان ياكى ئۆمرىدە ئاندا - ساندا قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرمىغان، ساھابىلىرىنىمۇ كۈچەپ تەرغىب قىلمىغان ئىشلار بولسا، بۇنداق ئىشلارنى «مۇستەھەپ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ نۇقتىدىن، فىقھشۇناسلارنىڭ ئىستىمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى «سۈننەت» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسىدىكىگە ئوخشاش ئىزچىللىق ۋە ئۈزلۈكسىزلىك بولغان ئەمەللەرنى ئوتتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

قىسقىسى، فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستىمالىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرگە تايانغانلىقى نۇقتىسىدىن «ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن ئورتاقلىقىقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمەلىي ئىجرائاتتىكى ئىزچىللىق ۋە ئۈزلۈكسىزلىككە تايانغانلىقى نۇقتىسىدىن «ھەدىس» ئۇقۇمىدىن ئايرىلىدۇ ياكى مەلۇم دەرىجىدە خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا ئاساسەن تەرك ئەتمەي، ئىزچىل قىلغان ئىشلار بولمىسا، بۇنداق ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن




نەقىل قىلىنىغانلىقى ئۈچۈن «ھەدىس» دېيىلسىمۇ، فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدا «سۈننەت» دېيىلمەيدۇ.

ئەمدى بىز «ھەدىس» بىلەن «سۈننەت»تىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت، قانداق ئورتاقلىقلار ۋە قانداق پەرقلەر بارلىقىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى.

## ھەدىس ئۇقۇمى بىلەن سۈننەت ئۇقۇمى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ئورتاقلىقلار ۋە پەرقلەر

«ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ئۇقۇملىرى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگىنىمىزدە، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بولۇش بىلەن بىرگە، بەزى ئورتاقلىقلار ۋە پەرقلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ بايقايمىز. يەنى «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ئۇقۇمى مۇتلەق بىر نەرسە ئەمەسكى، بەزىلەر چۈشىنىۋالغاندەك بىرەر ئىش ھەققىدە ھەدىس بولسىلا ئۇ ئىش «سۈننەت» بولىۋېرىدىغان، بىرەر ئىش ھەققىدە ھەدىس بولمىسىلا ئۇ ئىش «بىدئەت» بولىۋېرىدىغان ئىش يوق[44]. قىسقىسى، ئىسلامدا «ھەدىس = سۈننەت» دەيدىغان فورمۇلا يوق. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىغان ھەدىسلەر سۈننەتنىڭ مەنبەلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي مەنبە ھېسابلانسىمۇ، «سۈننەت»نىڭ ھەممىسى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگىلا تايىنىدىغان ئىش يوق. يەنى بىر ئىشنىڭ «سۈننەت» بولۇشى ئۈچۈن شۇ ھەقتە چوقۇم بىر ھەدىس بولۇشى شەرت ئەمەس. چۈنكى، سۈننەت ھەدىسلەردىنمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان سىيرەت ۋە تارىخلاردىنمۇ ھەتتا ساھابىلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىنمۇ ئېلىنىدۇ. شۇڭا، «ھەدىس» ۋە «سۈننەت» ئۇقۇمى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانسىمۇ، ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ ئۆز ئەينى دېگىلى بولمايدۇ. ھەدىس پەقەت «سۈننەت»نىڭ ئەڭ ئاساسىي

[44] «ھەدىستىن دەلىل بولمىسىلا بىدئەت بولامدۇ؟» دېگەن مەسىلە «سۈننەت ۋە بىدئەت» دېگەن تېمىدا تېخىمۇ كونكرېت تەتقىق قىلىنغۇسى، ئىنشائاللاھ.



مەنبەسىدۇر، خالاس.

يەنە شۇنىڭدەك، «ھەدىس» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ئىزلىرى يەككە - يەككە ھالەتتە بىرمۇبىر خاتىرىلەنگەن كونكرېت بايانىنى ئۇقتۇرسا، «سۈننەت» مەزكۇر يەككىلىكلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن خۇلاسىلەنگەن بىر ئەندىزە ۋە فورمۇلادۇر. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى يەككە - يەككە ھالەتتە مەيدانغا كەلگەن، ئوخشىمىغان ئورۇن ۋە ۋاقىتتا ھەتتا ئوبيېكتىپ شەخسلەرگە ۋە ھادىسىلەرگە قاراپ ئۆزگىرىدىغان، قاراتمىلىقى ئىگە، كونكرېت جەريانلارنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، بۇ يەككىلىك ۋە كونكرېتلىقلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن چىقىرىلغان يەكۈن ھۆكۈملەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك دىنىي پائالىيەتلىرىنى مەلۇم ئەندىزە ۋە فورمۇلاغا سالىدۇ.

بىر مەسىلىگە ئائىت پۈتۈن دەلىللەر توپلىنىپ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىنىش ئارقىلىق مەلۇم قائىدە ۋە قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن مۇئەييەن فورمۇلا ۋە ئەندىزىلەر «سۈننەت» ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار كۈندىلىك دىنىي پائالىيەتلىرىنى مەزكۇر فورمۇلا ۋە ئەندىزىلەرگە بويسۇندۇرۇپ، شۇ دائىرە ئىچىدە قىلىشقا مەجبۇر. ئەگەر ئۇلار مەزكۇر فورمۇلا ۋە ئەندىزىلەردىن چىقىپ كەتسە، «سۈننەت»تىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇكى، «سۈننەت»كە زىت ئىش قىلغان «بىدئەتچى» ھېسابلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، «ھەدىس» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە ماقۇللۇقلىرىنىڭ يەككە - يەككە تەرىقىدە، كونكرېت خاتىرىلەنگەن، ئاغزاكىي رىۋايەت شەكلى بولسا؛ «سۈننەت» ئۇقۇمى مەزكۇر يەككىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار قۇرئان

كەرمىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدى ۋە ئۇنىڭدا نامازنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى بايان قىلىندى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ناماز ئوقۇدى ۋە بىزگە: «مېنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇغىنىمنى كۆرگەن بولساڭلار، سىلەرمۇ شۇ بويىچە ئوقۇڭلار»[45] دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىبادەتنى ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە باشقا پۈتۈن مۇسۇلمانلار شۇ بويىچە داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا روزا، زاكات، ھەج ۋە پۈتۈن قۇرئان پەرمانلىرى مۇشۇ بويىچە بەجا كەلتۈرۈلدىكى، ماھىيەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش شەكلى ۋە ئۇسلۇبى «سۈننەت» دەپ ئاتالغان بولسا؛ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالان نامازنى مۇنداق ئوقۇيتتى، پۇستان نامازنى ئۇنداق ئوقۇيتتى، پالان نامازدا پالان سۈرىنى ئوقۇيتتى، پۇستان نامازدا پۇستان سۈرىنى ئوقۇيتتى» دېگەنگە ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ئىجرائاتلىرىنىڭ ۋە ياكى شۇ ھەقتە قىلغان گەپ - سۆزلىرىنىڭ ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ يەككە - يەككە ھالدىكى رىۋايەت شەكىللىرى «ھەدىس» دەپ ئاتالدى[46].

بۇ سۆزىمىزنى مۇنداق بىرقانچە ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن: مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر نەرسە يەپ - ئىچكەندە، ئۆمۈر بويى ئوڭ قولدا يەپ - ئىچكەنلىكى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى[47]، كىيىم كىيگەندىمۇ ئوڭ تەرەپتىن كىيىشكە بۇيرۇغانلىقى، چاچ تاراش ۋە تاھارەت ئېلىش دېگەندەك بارلىق ئىشلىرىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى[48]، باشقىلارنىمۇ ئوڭ تەرەپتىن باشلاشقا بۇيرۇيدىغانلىقى[49]، غۇسلى قىلغاندىمۇ ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى[50]؛ كىيىم سېلىش[51]، ھاجەتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن يەرلىك ئورۇننى تازىلاش، ئىستىنجا قىلىش[52]، بۇرنىنى تاشلاش دېگەندەك ھېقىر كۆرۈلىدىغان ئىشلارنى سول قولدا قىلىدىغانلىقى؛ مەسچىتكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىپ، سول پۇتى بىلەن چىقىش[53]، ھاجەتخانىغا كىرگەندە سول پۇتى بىلەن كىرىپ، ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىش قاتارلىق ئىشلار تۈرلۈك مەنبەلەردە يەككە - يەككە ھالەتتە، كونكرېت شەكىلدە رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن كىيىم كىيىش، چاچ تاراش ۋە

[45] سەھىيھۇل بۇخارىي، ئەدەب، 6008 ـ ھەدىس.

[46] سۇلايمان نەدۋى: «تەھقىيقۇ مەئنەسسۇننە ۋە بەيانۇل ھاجەتى ئىلەيھا»، مەنار ژۇرنىلى، 30 ـ سان، 684 ـ بەت.

[47] سەھىيھۇل بۇخارىي، ئەتئىمە، 5376 ـ 5378 ـ ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، ئەشرىبە، 2022 ـ ھەدىس.

[48] سەھىيھۇل بۇخارىي، ۋۇزۇئ، 168 ـ ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، تاھارەت، 268 ـ ھەدىس.

[49] سەھىيھۇل بۇخارىي، ۋۇزۇئ، 167 ـ، ئەتئىمە، 5376 ـ، لىباس، 5856 ـ ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، ئەشرىبە، 2020 ـ ۋە 2022 ـ ھەدىسلەر.

[50] سەھىھ مۇسلىم، ھەيز، 321 ـ ھەدىس.

[51] سەھىيھۇل بۇخارىي، لىباس، 5856 ـ ھەدىس.

[52] سەھىھ مۇسلىم، تاھارەت، 262 ـ ھەدىس.

[53] ئىمام بەيھەقىي: «سۈنەنۇل كۇبرا»، 2 ـ جىلد، 620 ـ بەت.

چۈشۈرۈش، مەسچىتكە كىرىش، نامازدىن سالام بېرىش، تاھارەت ئالغاندا ھەرقايسى ئەزالىرىنى يۇيۇش، يەپ - ئىچىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئىستىلام قىلىش دېگەندەك ياخشى ياكى ئىبادەت سانىلىدىغان ئىشلارنى ئوڭ قول بىلەن قىلىش ۋە ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بىر قائىدە، يەنى «سۈننەت» دەپ يەكۈن چىقارغان. ئىمام نەۋەۋى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ تاھارەت ئالغاندا ئوڭدىن باشلاشنىڭ «سۈننەت» ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشتا ئىكەنلىكىنى؛ ناۋادا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ سالسا، تاھارەتتە سۈننەتنى تەرك ئەتكەننىڭ پەزىلىتى يوقىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، تاھارىتىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ[54].

«ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن «سۈننەت» ئۇقۇمى ئارىسىدىكى يەنە بىر پەرق شۇكى، يۇقىرىدىمۇ تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا پەقەت بىرلا قېتىم قىلغان سۆز ياكى ئىش بولسىمۇ، ئاشۇ سۆز ياكى ئىشنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەنسۇپلۇقىلا ئىسپاتلىنىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ سۆز ياكى ئىش «ھەدىس» ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، «سۈننەت» دەسلەپتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولغا قويغان ئىشلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر ئىشلارنى ساھابىلەر ۋە كېيىنكى مۇسۇلمانلارمۇ شۇ بويىچە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەتتا بىزلەرگە ئەينى دەۋردىن تارتىپ ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئىجرائاتلىرى ئارقىلىق «ئەمەلىي مۇتەۋاتىر» شەكلىدە يېتىپ كەلگەن بولىدۇ[55]. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئاندىن ساھابىلەر قىلغان، ئۇلاردىن كېيىن تابىئىنلار، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئەۋلادمۇئەۋلاد، ئۈزلۈكسىز شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇپ، تا بىزگىچە ئەنە شۇنداق ئەمەلىي يوللار ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ئەمەللەر «سۈننەت» ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەش ۋاخ ناماز پەرز بولغان چاغدا: «مېنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇغىنىمنى كۆرگەن بولساڭلار، سىلەرمۇ شۇنداق ئوقۇڭلار»[56] دېگەن. بۇ، نامازلارنى قانداق ئادا قىلىش ھەققىدە كەلگەن بىر سەھىھ ھەدىس. ئاندىن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەش ۋاخ ناماز پەرز بولغاندىن تارتىپ پۈتۈن ئۆمرىدە مەزكۇر نامازلارنى مۇئەييەن ۋاقىتلاردا، مەخسۇس شەكىلدە ئوقۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلىرىنىڭ، ئۇلاردىن كېيىن تابىئىنلارنىڭ، ئۇلاردىنمۇ كېيىن تا بۈگۈنگە قەدەر كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى ئەنە شۇ مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ۋە مەخسۇس شەكىللەردە ئادا قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. چۈنكى، بۇ نامازلارنىڭ ئەنە شۇنداق

[54] ئىمام نەۋەۋى:«ئەلمىنھاج (سەھىھ مۇسلىم بىشەرھىن نەۋەۋى)»، 3-جىلد، 160-بەت.

[55] سۇلايمان نەدۋى: «تەھقىيقۇ مەئنەسسۇننە ۋە بەيانۇل ھاجەتى ئىلەيھا»، مەنار ژۇرنىلى، 30-سان، 683-بەت.

[56] سەھىيھۇل بۇخارىي، ئەدەب، 6008-ھەدىس.

مۇئەييەن ۋاقىتلاردا، مەخسۇس شەكىللەردە ئوقۇلىدىغانلىقى بىزگە «ئەمەلىي مۇتەۋاتىر» يوللار ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ نامازلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە مەزكۇر ۋاقىتلار ۋە شەكىللەردە ئوقۇلۇشى «سۈننەت»تۇر. بۇنىڭدىن باشقا زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئادا قىلىنىش شەكىللىرىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.[57]

دېمەك، بەش ۋاخ نامازنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ۋە مەخسۇس شەكىللەردە ئادا قىلىنىشى بىزگە «ئەمەلىي مۇتەۋاتىر» يوللار ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن «سۈننەت» بولۇپ، ھېچكىم بۇلارنى ئىنكار قىلالمايدۇ ياكى بۇ ئىبادەتلەرنى باشقىچە شەكىلدە، باشقا ۋاقىتلاردا ئادا قىلىش كېرەك، دېيەلمەيدۇ. ناۋادا بىرى «بامداتنىڭ پەرزى ئىككى رەكئەت ئەمەس، ئۈچ رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇلىدۇ» دېسە ياكى «بامدات نامىزى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ياكى قۇياش چىققاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ» دېسە؛ ياكى «پېشىن نامىزىنىڭ پەرزى تۆت رەكئەت ئەمەس، ئىككى رەكئەت ياكى ئالتە رەكئەت» دېسە ۋە ياكى «پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىدا قىرائەت ئۈنلۈك قىلىنىدۇ» دېسە؛ ياكى «ئەسىر نامىزى ئىككى رەكئەت» ياكى «شام نامىزى تۆت رەكئەت...» دېسە ۋە ياكى «ئەسىر نامىزى قۇياش پاتقاندىن كېيىن، شام نامىزى قۇياش پېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ» دېسە، بۇنداق ئادەم بىز

بۇ ماقالىدە ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان «سۈننەت»كە خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» بىلەن، ھەتتا دوزاخقا ئاپىرىدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلىگەن «بىدئەت» پەيدا قىلغان بولىدۇ. يەنى بۇنداق ئادەم پۈتۈن مۇسۇلمانلار تا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن «سۈننەت»كە قارشى «بىدئەت» پەيدا قىلغان ھېسابلىنىپ، گۇناھكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەندىن كېيىن سىلەرگە شۇنداق كىشىلەر رەھبەر بولىدۇكى، ئۇلار سۈننەتنى يوق قىلىپ، بىدئەت ئىشلارنى قىلىدۇ؛ نامازنى ۋاقتىلىرىدىن كېچىكتۈرىدۇ» دېگەن ھەدىسىمۇ مۇشۇ مەنىنى كۆچلەندۈرىدۇ.[58]

بۇ ھەدىستىن كۆرۈۋالالايمىزكى، يۇقىرىقىدەك ئىسلامدا ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرى، شەكىللىرى ئېنىق بېكىتىلىپ بولغان ۋە بىرقانچە ئەسىر مابەينىدە مۇسۇلمانلار ئەۋلادمۇئەۋلاد شۇ پېتى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىشلارنىڭ ۋاقتىنى ئالدى - كەينىگە سۈرۈش ياكى شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىش دېگەندەك ئىشلارنى پەيدا قىلسا، «سۈننەت»كە مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ، ئازغۇنلۇق دەرىجىسىدىكى «بىدئەت» پەيدا قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزدا ئۇنىڭدىن بولمىغان يېڭىلىقلارنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ»[59]؛ «ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭىدىن پەيدا

[57] سۇلايمان نەدۋى: «تەھقىيقۇ مەئنەسسۈننە ۋە بەيانۇل ھاجەتى ئىلەيھا»، مەنار ژۇرنىلى، 30 - سان، 683 - بەت.

[58] ئىبنى ماجە، جىھاد، 2865 - ھەدىس.

[59] سەھىيھۇل بۇخارىي، سۇلھ، 2697 - ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، ئەقزىيە، 1718 - ھەدىس.

قىلىنغانلىرىدۇر، ھەرقانداق بىدئەت (يەنى يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش) ئازغۇنلۇقتۇر»[60] دېگەن سۆزىدە تىلغا ئالغان، «سۈننەت»كە زىت مەنىدىكى يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان «بىدئەت» دەل مۇشۇ تىپتىكى ئىشلاردۇر.

ھەدىسلەرگە كەلسەك، ئىسلامىي مەنبەلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە (سۈرە فاتىھەدىن كېيىن) پالان - پۈستان سۈرىنى[61]، بەزىدە پالان - پۈستان سۈرىنى ئوقۇغانلىقى[62]؛ پېشىن نامىزىدا پالان سۈرىنى[63]، ئەسىر نامىزىدا پۈستان سۈرىنى ئوقۇغانلىقى[64]؛ شام نامىزىدا پالان سۈرىنى[65]، خۇپتەن نامىزىدا پۈستان سۈرىنى ئوقۇغانلىقى[66]؛ جۈمە نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە پالان سۈرىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە پۈستان سۈرىنى ئوقۇغانلىقى[67]؛ روزا ھېيت نامىزىدا پالان سۈرىلەرنى، قۇربان ھېيت نامىزىدا پۈستان سۈرىلەرنى ئوقۇغانلىقى[68]، پالان كۈنى بامدات نامىزىدا پۈستان سۈرىنى ئوقۇغانلىقى[69]... دېگەندەك رىۋايەتلەر بار. مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش شەكىللىرى ھەققىدە يەككە - يەككە ھالەتتە، كونكرېت خاتىرىلەنگەن رىۋايەتلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرى يەككە - يەككە ھالدا «ھەدىس» ھېسابلىنىدۇ، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت»كە زىت مەنىدىكى «سۈننەت» ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزىدە مەلۇم نامازدا سۈرە فاتىھەدىن كېيىن قىسقا سۈرە ئوقۇغان بولسا، بەزىدە ئۇزۇن سۈرە ئوقۇغان؛ بەزىدە قىرائەتنى يەڭگىل قىلغان بولسا، بەزىدە ئۇزۇن قىلغان.

ناۋادا مەزكۇر ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ھەربىر ئىش يەككە - يەككە ھالدا «بىدئەت»كە زىت مەنىدىكى «سۈننەت» ھېسابلىنىدىغان ئىش بولسا ئىدى، بىر ئەمەلدە خىلمۇخىل «سۈننەتلەر» ئوتتۇرىغا چىقاتتى - دە، بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى كۈنى، قايسى نامازنىڭ قانچىنچى رەكئىتىدە، قايسى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى ياكى قايسى سۈرىدىن قانچە ئايەت ئوقۇغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئېنىق ئۇقۇپ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن تارتىپ تاكى ۋاپاتىغا قەدەر ئۆتكەن جەرياندا قايسى كۈنى، قايسى نامازدا، قايسى سۈرىنى ئوقۇغان بولسا، شۇنىڭغا بىرمۇبىر ئوخشايدىغان شەكىلدە ئادا قىلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ئەگەر ئۇنداق

[60] سەھىھ مۇسلىم، جۈمۈئە، 867 - ھەدىس.
[61] سەھىھ مۇسلىم، سالاتۇل مۇسافىرىين ۋە قەسرىھا، 726 — 727 - ھەدىسلەر.
[62] سەھىھ مۇسلىم، سالات، 456 — 458 - ھەدىسلەر.
[63] سەھىھۇل بۇخارىي، ئەزان، 759 — 760 - ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، سالات، 459 — 460 - ھەدىسلەر.
[64] سەھىھ مۇسلىم، سالات، 459 - ھەدىس.
[65] سەھىھۇل بۇخارىي، ئەزان، 763 — 765 - ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، سالات، 463 - ھەدىس.
[66] سەھىھۇل بۇخارىي، ئەزان، 766 — 767 - ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، سالات، 464 - ھەدىس.
[67] سەھىھ مۇسلىم، جۈمۈئە، 877 - ھەدىس.
[68] سەھىھ مۇسلىم، جۈمۈئە، 878 - ھەدىس.
[69] سەھىھ مۇسلىم، جۈمۈئە، 878 — 880 - ھەدىسلەر.

قىلمىساق، «سۈننەت»كە خىلاپلىق قىلىپ، «بىدئەت» ئەمەل قىلغان ھېسابلىنىپ، گۇناھكار بولاتتۇق.

ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ئەنە شۇنداق ھەدىسلەر بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى كۈنى، قايسى نامازنىڭ قايسى رەكئىتىدە قايسى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەينى ئادا قىلىشى «سۈننەت»، بۇنداق قىلمىغانلار «بىدئەتچى، ئازغۇن» دېگەن ئىش يوق، چۈنكى بۇنداق قىلىشقا ھېچكىمنىڭ تاقىتى يەتمەيدۇ. ئەكسىچە، كۆپىنچە ئىسلام ئۆلىمالىرى مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاملىق پەرز نامازلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن چوقۇم بىرەر سۈرە ياكى بىرقانچە ئايەت قوشۇپ ئوقۇشنى تاشلىمىغانلىقىغا قاراپ پەرز نامازلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ھېچبولمىغاندا ئۇزۇن بىر ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇش، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئۇزۇن ياكى قىسقا، بىر ياكى بىرقانچە سۈرە قوشۇپ ئوقۇشنى «سۈننەت» دەپ يەكۈن چىقارغان[70]. يەنە شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەش ۋاخ

پەرز نامازلارنىڭ ئالدى - كەينىدىكى سۈننەت نامازلارنى ئۈزرىسىز ھالەتتىمۇ بەزىدە تەرك ئەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆمۈر بويى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقىغا قاراپ ئىسلام ئۆلىمالىرى مەزكۇر نامازلارنى «سۈننەت» دەپ يەكۈن چىقارغان.

دېمەك، يۇقىرىدىكى مەزكۇر مەسىلىلەر ھەققىدە نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ھەدىس» بولسا، مەزكۇر رىۋايەتلەرگە ۋە ئۇ رىۋايەتلەردىكى بايانلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىزچىللىقىقا تايىنىپ چىقىرىلغان ئومۇمىي خۇلاسە «سۈننەت»تۇر.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەككە - يەككە ھالەتتە خاتىرىلەنگەن ۋە ئىسلامىي مەنبەلەردە «ھەدىس» دەپ ئاتالغان گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە تايىنىپ ئىسلام ئۆلىمالىرى بىز مۇسۇلمانلارغا كۈندىلىك دىنىي ئىبادەتلىرىمىز ئۈچۈن «پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مەندۇب، مەكرۇھ...» دېگەندەك مۇئەييەن ئەندىزە ۋە فورمۇلالارنى تۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەندىزە ۋە فورمۇلالار ئىچىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاندا - ساندا تەرك ئەتكەندىن سىرت، ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىش - ئىزلىرىدىن ئىزچىللىق تۈسىگە ئىگە بولۇپ، «ئادەت، يول» خاراكتېرىنى ئالغانلىرى شەرىئەت تىلىدا «سۈننەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاشۇ ئەندىزە ۋە فورمۇلا بويىچە ئەمەل قىلسا، «سۈننەت»كە ئەمەل قىلغان بولىدۇ.

مەسىلەن، يۇقىرىدىكى مىساللارنى ئالىدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوخشىمىغان

[70] بەدرۇددىن ئەينىي: «ئەلبىنايە»، 2- جىلد، 304 ــ 305 - بەتلەر؛ ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنىي»، 2 - جىلد، 164 - بەت؛ ئىمام نەۋەۋى: «ئەلمىنھاج (سەھىھ مۇسلىم بىشەرھىن نەۋەۋى)»، 4 - جىلد، 105 - بەت. (ھەنەفىي ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا، پەرز نامازلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئۇزۇن بىر ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەت قوشۇپ ئوقۇش ۋاجىپتۇر).

ۋاقىتلاردا، خىلمۇخىل نامازلاردا مۇئەييەن سۈرىلەرنى ياكى ئايەتلەرنى ئوقۇغانلىقى ھەدىس كىتابلىرىدا يەككە - يەككە ھالەتتە، كونكرېت بايان قىلىنىدۇ ۋە بۇ يەككىلىكلەر «ھەدىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاشۇنداق يەككە - يەككە ھالەتتىكى كونكرېت بايانلارغا تايىنىپ بىزگە «پەرز نامازلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە ياكى بىرقانچە سۈرە ۋە ياكى بىرقانچە ئايەت قوشۇپ ئوقۇش سۈننەت» دەيدىغان فورمۇلا ۋە ئەندىزە تۈزۈپ بەرگەن بولۇپ، بىز مۇشۇ فورمۇلا ۋە ئەندىزە بويىچە، خالىغان ۋاقىتتىكى خالىغان نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمىز خالىغان بىر ياكى بىرقانچە سۈرە ۋە ياكى بىرقانچە ئايەتنى قوشۇپ ئوقۇساق، «ناماز» دېيىلىدىغان بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىشتا «سۈننەت»كە ئەمەل قىلغان بولىمىز.

رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالان نامازنىڭ پالان رەكئىتىدە پۈستان سۈرىنى ئوقۇپتىكەن، بىزمۇ ئاشۇ نامازنىڭ ئاشۇ رەكئىتىدە چوقۇم شۇ سۈرىنى ئوقۇشىمىز كېرەك، بولمىسا «سۈننەت»كە خىلاپلىق قىلغان ۋە «بىدئەت» ئەمەل قىلغان بولۇپ قالىمىز، دەپ ئولتۇرۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق ھەم ھېچكىمنىڭ بىر ئۆمۈر ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي تاقىتى يەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىگىنى يوق[71].

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىلمۇخىل مۇناسىۋەتلەردە ئوخشاش بىر نامازنى خىلمۇخىل سۈرىلەرنى ئوقۇش، قىرائەتنى ئۇزۇن ياكى قىسقا قىلىش، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇش ياكى يەڭگىل ئوقۇش دېگەندەك خىلمۇخىل شەكىللەردە ئوقۇغان. جۈملىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى دەسلەپ باشلىغاندا قىرائەتنى ئۇزۇن قىلماقچى بولۇپ باشلىغان بولسىمۇ، ناماز جەريانىدا بىرەر بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسا، ئانىسىنىڭ كۆڭلى بالىسىدا قېلىپ، نامازنى جايىدا ئوقۇيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ نامازنى يەڭگىل ئوقۇغان ۋاقىتلارمۇ بولغان[72]. ساھابىلەرنىمۇ جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەندە، جامائەت ئىچىدە كىچىك باللار، ياشىنىپ قالغانلار، ئاجىزلار ۋە كېسەلمەن كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ نامازنى يەڭگىل ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقى نەقىل قىلىنىدۇ[73].

بۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، بىز نامازنى يەڭگىل ئوقۇشتىكى «سۈننەت»نى ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن چوقۇم بىرەر بوۋاقنىڭ يىغلىشى، جامائەت ئىچىدە چوقۇم كىچىك باللار، ياشىنىپ قالغانلار، ئاجىزلار ۋە كېسەلمەنلەر بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق ئىش سەۋەبلىك نامازنى يەڭگىل ئوقۇش «سۈننەت» ئەمەس، ئەكسىچە «بىدئەت» بولىدۇ، دەيمىزمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىز بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن

[71] سۈرە بەقەرە، 286 ـ ئايەت.

[72] سەھىيھۇل بۇخارىي، ئەزان، 707 ــ 710 ـ ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، سالات، 470 ـ ھەدىس.

[73] سەھىيھۇل بۇخارىي، ئەزان، 703 ــ 704 ـ ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، سالات، 466 ــ 468 ـ ھەدىسلەر.

«ناماز جەريانىدا نامازخاننىڭ كۆڭلىنى نامازدىن مەشغۇل قىلىپ، نامىزىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇشىغا پۇتلىشىدىغان ھەرقانداق ئىش ياكى ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇش سۈننەت» دېگەن يەكۈننى چىقىرالايمىز. يەنى ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان مەزكۇر سەۋەبلەردىن باشقا يەنە ئوت كېتىش، يەر تەۋرەش، سەپەردە قاتناشقا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەش... دېگەندەك خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى نامازخاننىڭ كۆڭلىنى مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىش يۈز بەرگەندە، ئىمام بولغۇچىنىڭ نامازنىڭ قىرائىتىنى قىسقا، رۇكۇ - سەجدىلىرىنى يەڭگىل قىلىشى، قىسقىسى، نامازنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىشى «سۈننەت»تۇر.

«ھەدىس» بىلەن «سۈننەت» ئارىسىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك پەرقلەردىن يەنە بىرى ھەدىس تارىخىيلىققا ۋە ئوبيېكتىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سۈننەت بولسا ئومۇمىيلىققا ۋە پرىنسىپال خاراكتېرگە ئىگە. مەن بۇ يەردە «تارىخىيلىق» دېگەن سۆزدىن شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئېيتقاندەك «ھەدىسلەر ئەينى چاغدىكى ئەرەب جەمئىيىتىگىلا خاس، ۋاقتى ئۆتكەن نەرسە» دېمەكچى ئەمەسمەن. بۇ يەردىكى «تارىخىيلىق»تىن ھەدىسلەرنىڭ زامان ۋە ماكاننىڭ، شەخس ۋە ھادىسە قاتارلىق خىلمۇخىل ئوبيېكتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق ھالدا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك بەلگىلىك چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل شەرت - شارائىتلارغا قاراپ خىلمۇخىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. ئەمما، سۈننەت ئۇنداق ئەمەس. سۈننەت ئۆزگىرىشچان خاراكتېرگە ۋە چەكلىمىلىككە ئىگە بولماستىن، ئەكسىچە پرىنسىپال، ئۇنىۋېرسال، قائىدىۋى خاراكتېرگە، ئالەمشۇمۇلۇققا ئىگە.

مەسىلەن، پەرز نامازلارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلارنى ئالساق، مەزكۇر نامازلار ئىچىدىن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالان نامازنى ئۇنداق ئوقۇيتتى، پۈستان نامازنى مۇنداق ئوقۇيتتى ياكى پالان نامازنى پالان ۋاقىتتا مۇنداق ئوقۇغان ئىدى، كېيىن ئۇنداق ئوقۇدى» دېگەنگە ئوخشاش بىر ئەمەل ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭمۇ ھەر خىل شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى بولسا «ھەدىس»نىڭ يەككىلىككە، خاسلىققا، تارىخىيلىققا ۋە بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلىمىلىككە ئىگە، ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۆزگىرىشچان خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىدىندۇر.

ئەمما، بىز يۇقىرىدا پرىنسىپاللىقىقا، ئومۇمىيلىققا ۋە ئالەمشۇمۇللۇققا ئىگە دەپ تىلغا ئالغان «سۈننەت» بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەلىيىتىدە، مۇئەييەن شەكىل ۋە قېلىپلاردا ئادا قىلىپ كۆرسەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلەر، ئاندىن تابىئىنلار، ئۇلاردىن كېيىن ھازىرغا كەلگەنگە قەدەر پۈتۈن مۇسۇلمانلار شۇ شەكىل ۋە قېلىپلار

بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن «سۈننەت» بولۇپ، بۇنىڭدا ياش، جىنس ۋە مىللەت ئايرىماستىن، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال، ئەرەب - ئەجەم پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئوخشاش ئەندىزە ۋە ئوخشاش فورمۇلا بويىچە بەجا كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ، «سۈننەت»نىڭ پىرىنسىپاللىقى، ئومۇمىيلىقى ۋە ئالەمشۇمۇللۇقى ئىگە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىندۇر.

بىرەر مەسىلە ھەققىدە ھەدىس بولسىلا، «سۈننەت» بولمايدىغانلىقى ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ خىلمۇخىللىقىغا قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقى، ئەمما «سۈننەت»نىڭ ئومۇمىيلىقى، پىرىنسىپاللىقى ۋە ئالەمشۇمۇلۇقى ئىگە ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندە بىرقانچە مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى:

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ بۇرەيدەدىن، ئەبۇ بۇرەيدە دادىسىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقانىدىم، ئەمدى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار؛ سىلەرنى قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاشتىن توسقانىدىم، ئەمدى خالىغىنىڭلارچە ساقلاپ يەڭلار؛ سىلەرنى تۇلۇمدىن باشقا نەرسىلەردە شاراب[74] ئىچىشتىن توسقانىدىم، ئەمدى بارلىق قاچىلاردا ئىچىڭلار، پەقەت مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىچمەڭلار»[75]. يەنە شۇ راۋىدىن رىۋايەت قىلىنغان باشقا بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقانىدىم، ئەمدى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار. چۈنكى، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ»[76].

بۇ رىۋايەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ساھابىلەر تېخى يېڭى مۇسۇلمان بولغان، شېرىك ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ بولالمىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان. كېيىن ساھابىلەرنىڭ قەلبلىرىدە ئىسلام ئېتىقادى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئەقىدىسى مۇستەھكەملىنىپ، شېرىك ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ بولغان چاغدا، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان، ھەتتا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ كىشىگە ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش ئارقىلىق، قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان.

دېمەك، «قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىش» مەسىلىسى ھەققىدىكى ھەدىسلەر ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگەرگەن بولۇپ، نەتىجىدە بىر مەسىلىدە ئوخشىمىغان ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان ھۆكۈمنى

[74] بۇ ھەدىستىكى «شاراب»تىن مەقسەت مەست قىلغۇچى شارابلار ئەمەس، بەلكى ئۈزۈم ۋە خورمىلاردىن ئىشلەپچىقىرىلغان، بىزدىكى شەربەتكە ئوخشايدىغان ئىچىملىكلەردۇر.

[75] سەھىھ مۇسلىم، جەنائىز، 977 ـ ھەدىس.

[76] سۈنەن تىرمىزىي، جەنائىز، 1054 ـ ھەدىس؛ سۈنەن ئەبى داۋۇد، جەنائىز، 3235 ـ ھەدىس.

ئىپادىلەيدىغان رىۋايەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان. يەنى بىر ھەدىس دەسلەپتە قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى، كېيىن باشقا بىر ھەدىس ئارقىلىق بۇ ئىشقا رۇخسەت قىلىندى. ئوخشىمىغان ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان شەرت - شارائىتقا قاراپ خىلمۇخىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ رىۋايەتلەر «ھەدىس» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەردىن بىرى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلماسلىقنىڭ «سۈننەت» ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ «سۈننەت» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھېچ يەردە



بىر مەسىلە ھەققىدە بىر - بىرىگە زىت سۈننەت بولمايدۇ. ئەگەر ھەدىسلا بولسا چوقۇم «سۈننەت» بولىدىغان ئىش بولسا، قەبرىنى زىيارەت قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسى ھەققىدە قارىماققا بىر - بىرىگە زىت مەنىدىكى ئىككى خىل رىۋايەتكە قاراپ بىز قەبرىلەرنى زىيارەت قىلماسلىقنى «سۈننەت» دەيمىزمۇ ياكى زىيارەت قىلىشنىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە يۇقىرىقىدەك ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ ۋە بۇ ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى «بۇيرۇق» ياسالمىسىدا كەلگەن بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش مەسىلىسى «سۈننەت» ئەمەس، بەلكى «رۇخسەت»تۇر[77].

مەن بۇ نۇقتىدا دەسلەپكى چەكلىمىنىڭ كېيىنكى رۇخسەت بىلەن ئەمەلدىن قالغانلىقىنى (مەنسۇخ بولغانلىقىنى) ئۇنتۇپ قالغىنىم ياكى بىلمەي قالغىنىم يوق. ئەلۋەتتە بۇ يەردە كېيىنكى رۇخسەت ئاۋۋالقى چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. مەن بۇ يەردە پەقەت بىر ئىش ھەققىدە بىر ياكى بىرقانچە ھەدىس بولسىلا، ئۇ ئىشنىڭ «سۈننەت» بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى. چۈنكى، بىز بۇ ماقالىدە ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان «بىدئەت»كە زىت مەنىدىكى «سۈننەت» بەزىدە ئىجرا قىلىنىپ، بەزىدە ئەمەلدىن قالدىغان ئىش ئەمەس. «سۈننەت» دېگەن ئىزچىل ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە پرىنسىپاللىقتا ئىگە. ناۋادا بۇ يەردە بىر «سۈننەت» بار دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرگەنلىكىدۇر.

يۇقىرىقى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان قۇربانلىق گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىش مەسىلىسى ۋە تۇلۇمدىن باشقا قاچىلاردا شاراب ئىچىش مەسىلىسى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ ۋەقەلىكنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق:

[77] مۇھەممەد شەمسۇلھەق ئەزىيم ئابادىي: «ئەۋنۇل مەئبۇد شەرھۇ سۈنەنى ئەبى داۋۇد»، 6 ـ جىلد، 141 ـ بەت.

بىر يىلى قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە مەدىنىگە سەھرا تەرەپلەردىن بىر بۆلەك كەمبەغەل مۇسۇلمانلار كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر كىشىلەرنىڭمۇ قۇربانلىق گۆشلىرىدىن ئېغىز تېگىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ساھابىلىرىگە قۇربانلىق گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتقان، ئەمما كېلەركى يىلى قۇربانلىق گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشكە رۇخسەت قىلغان[78]. بۇ مەسىلىدىكى رۇخسەتمۇ يۇقىرىدىكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش مەسىلىسىگە ئوخشاشلا «بۇيرۇق» شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، «قۇربانلىق گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىش» مەسىلىسى «سۈننەت» ئەمەس، بەلكى «رۇخسەت»تۇر. دېمەك، بىر ئىش ھەققىدە ھەدىس بولسىلا، ئۇ ئىش «سۈننەت» بولىۋەرمەيدۇ.

«ئىچىش مەسىلىسى»گە كەلسەك، ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىنتايىن ھاراقخۇمار، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئىچىدىغان خەلق ئىدى، سورۇنلىرى ھاراقسىز قىزىمايتتى. ئىسلام مەيدانغا كېلىپ، ھاراقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغان چاغدا[79]، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى جاھىلىيەت دەۋرىدە ھاراق ئىچىدىغان ھەر خىل قاچىلاردا ھالال ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىنمۇ چەكلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[80]. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر قاچىلاردا ھالال ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىنمۇ چەكلەشتىكى مەقسىتى ئۇلارنى ھاراقنى ئەسكە سالىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئۇزاق تۇتۇش ئىدى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئىمانى مۇستەھكەملىنىپ، ئىسلامدا چەكلەنگەن ھەرقانداق ئىشتىن ئىككىلەنمەي يانىدىغان ھالغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھەرقانداق قاچىدا شاراب ۋە سۇ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىچسە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، يۇقىرىقى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش»، «قۇربانلىق گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىش» ۋە «ئۇدۇل كەلگەن قاچىدا شاراب ئىچىش» قاتارلىق ئىشلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چەكلىنىپ، كېيىن بۇ ھۆكۈملەرنىڭ يەنە بىۋاسىتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى، مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ ھەدىسنىڭ «ناسىخ ۋە مەنسۇخ»نى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى كۆپىنچە ئىلىم ئەھلىگە ئايان مەسىلە. مەنمۇ بۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. لېكىن، مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىم بىرەر مەسىلە ھەققىدە ھەدىس بولسىلا، ئۇ ئىشنىڭ «سۈننەت» بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەدىسلەرنىڭ شەرت -

[78] سەھىھ مۇسلىم، ئەزاھىي، 1971_ھەدىس؛ ئىمام نەۋەۋى: «ئەلمىنھاج (سەھىھ مۇسلىم بىشەرھىننەۋەۋى)» ، 13-جىلد، 129–133-بەتلەر.

[79] سۈرە بەقەرە، 219_ئايەت؛ سۈرە نىسا، 43_ئايەت؛ سۈرە مائىدە، 90_ئايەت.

[80] سەھىيھۇل بۇخارىي، مەغازىي، 4368__4369_ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، ئەشرىبە، 1992__1998_ھەدىسلەر.

شارائىتنىڭ، ئوبيېكتىپ شەخس ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ھەتتا قارىماققا يۇقىرىقىدەك بىر - بىرىگە زىت مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى؛ ئەمما «سۈننەت»نىڭ ئۇنداق بولماستىن، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئومۇمىيلىق ۋە پرىنسىپاللىقنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر.

يەنە بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدار ھالەتتە (ئاياللىرىنى) قۇچاقلاپ، سۆيۈپ قوياتتى. ئۇ ئاراڭلاردىكى شەھۋىتىنى ئەڭ تىزگىنلىيەلەيدىغان زات ئىدى»[81]. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن روزىدار ئادەمنىڭ ئاياللىنى قۇچاقلىسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. يەنە بىرەيلەن كېلىپ سورىۋىدى، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلغان كىشى ياشانغان ئادەم ئىدى، رۇخسەت قىلمىغان كىشى ياش ئادەم ئىدى[82].

قارايدىغان بولساق، يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىدار ھالەتتە ئاياللىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ ھەقتە سورىغان ئىككى كىشىگە ئىككى خىل جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەگەر بىر مەسىلە ھەققىدە ھەدىس بولسىلا، ئۇ ئىش چوقۇم «سۈننەت» بولىدىغان ئىش بولسا، يۇقىرىقى ھەدىستىكى «روزىدار ئادەمنىڭ ئاياللىنى سۆيسە بولىدىغانلىقى»نى «سۈننەت» دەيمىزمۇ ياكى «سۆيسە بولمايدىغانلىقى»نى «سۈننەت» دەيمىزمۇ؟ ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەيلەنگە روزىدار ھالەتتە ئاياللىنى سۆيۈشكە رۇخسەت قىلمىغانلىقى، يەنە بىرەيلەننىڭ شۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى ھەدىستە بولغانلىقى ئۈچۈنلا «روزىدار ئادەمنىڭ ئاياللىنى سۆيسە بولىدىغانلىقى»نى «سۈننەت» دەيلى دېسەك، يەنە بىرەيلەنگە رۇخسەت قىلمىغانلىقى ھەققىدىمۇ ھەدىس بار. ئۇنداقتا، زادى بۇلارنىڭ قايسىسى سۈننەت؟

بۇ مەسىلە ھەققىدە مانا مۇشۇنداق قارىماققا بىر - بىرىگە زىت مەنىدىكى ھەدىسلەر كەلگەنلىكى ئەمەلىيەت. ئەمما، بۇ ھەقتە ھەدىس كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا، بۇ ئىشنىڭ ھېچقايسىسىنى «سۈننەت» دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەدىس بولسىلا «سۈننەت» دەيدىغان ئىش بولسا، يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردىن بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل سۈننەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىسلامدا بۇنداق زىددىيەتلىك سۈننەتنىڭ بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇ مەسىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىدار ھالدا ئاياللىنى سۆيۈپ قويغانلىقىغا ۋە بۇ ھەقتە سورىغان ئىككى كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ

[81] سەھىھۇل بۇخارىي، سەۋم، 127 ـ 129 ـ ھەدىسلەر؛ سەھىھ مۇسلىم، سىيام، 1106 ـ ھەدىس.

[82] سۈنەن ئەبى داۋۇد، سىيام، 2387 ـ ھەدىس.

بىرىگە رۇخسەت قىلىپ، يەنە بىرىگە رۇخسەت قىلمىغانلىقىغا ئاساسەن، ھەم ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردىكى شەھۋىتىنى ئەڭ تىزگىنلىيەلەيدىغان زات ئىدى» دەپ ئالاھىدە قەيت قىلغانلىقىغا ئاساسەن، ئىسلام ئۆلىمالىرى «شەھۋىتىگە ئىگە بولالايدىغان، روزىسىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىككە كۆزى يېتىدىغان ئادەمنىڭ روزىدار ھالەتتە ئاياللىرىنى سۆيۈپ قويۇشى رۇخسەت، شەھۋىتىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان ئادەمنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەس»[83] دېگەن يەكۈننى چىقارغان. شۇڭا، بۇ يەردە بىر ئىشنى «سۈننەت» دېيىشكە توغرا كەلسە، ھەربىر ھەدىس ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۈننەت بولماستىن، پەقەت ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش سۈننەت دېيىش مۇمكىن.

## ساھابىلەرنىڭ ۋە باشقا مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ ھەدىس ۋە سۈننەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى ھەققىدە بىرقانچە مىسال:

1. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەبتەھكە[84] چۈشۈش سۈننەت ئەمەس. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت مەككىدىن چىققان چاغدا (مەدىنىگە) قايتىشقا تېخىمۇ قولايراق بولۇشى ئۈچۈن، شۇ جايغا چۈشكۈن قىلاتتى»[85]. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ: «تەھسىب (يەنى ئەبتەھ) كە چۈشۈش ھېچ نەرسە ئەمەس. پەقەت ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداقلا چۈشكۈن قىلغان بىر جايدۇر»[86] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەمما، يەنە بىر رىۋايەتتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئىشنى «سۈننەت» دەپ قارايدىغانلىقى نەقىل قىلىنىدۇ[87].

بۇ رىۋايەتلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەھىھۇل بۇخارىي ۋە سەھىھ مۇسلىمدا نەقىل قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجدىن قايتىدىغان چاغدا مەككىدىن چىقىشتا «ئەبتەھ» دېگەن جايغا چۈشكۈن قىلغانلىقىنى، بەزى ساھابىلەرنىڭمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغىنىغا ئاساسەن بۇ ئىشنى «سۈننەت» دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئەمما يەنە بەزىلەرنىڭ «سۈننەت» دەپ قارىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. جۈملىدىن، بىر قىسىم ساھابىلەر بۇ ئىشنى «سۈننەت» دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق مەشھۇر فەقىھ ساھابىلەر بۇ ئىشنى «سۈننەت» دەپ قارىمىغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ھەربىر ئىش

[83] ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنىي»، 4 - جىلد، 361 ــ 362 - بەتلەر؛ ئىمام نەۋەۋى: «ئەلمەجمۇئ»، 6 - جىلد، 257 - بەت.

[84] مەككىدىكى بىر جاينىڭ نامى بولۇپ، «تەھسىب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[85] سەھىھۇل بۇخارىي، ھەج، 1765 - ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، ھەج، 1311 - ھەدىس.

[86] سەھىھۇل بۇخارىي، ھەج، 1766 - ھەدىس.

[87] سەھىھ مۇسلىم، ھەج، 1310 - ھەدىس.

«سۈننەت» ئەمەس ئىدى.

دېمەككى، ساھابىلەرمۇ بىرەر مەسىلە ھەققىدە ھەدىس بولسىلا، ئۇ ئىش «سۈننەت» بولىدۇ دەپ قارىمايتتى، ئەكسىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە، ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىغا قاراپ ئۇ ئىشنىڭ سۈننەت ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلاتتى. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئورتاق بىر نۇقتا باركى، ساھابىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان گەپ - سۆز ۋە ئىش - پائالىيەتلىرى ئىچىدە «سۈننەت، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن بىر قانۇنىي ئاساس بولىدىغان»لىرىنىڭمۇ؛ «سۈننەت ئەمەس، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق قانۇنىي ئاساس بولمايدىغان»لىرىنىڭمۇ بارلىقىدا ئىتتىپاق بولۇپ، بۇ ئەھۋال بىر ئىش ھەققىدە ھەدىس بولسىلا، ئۇ ئىشنىڭ چوقۇم «سۈننەت» بولمايدىغانلىقىنىڭ يارقىن پاكىتلىرىدىن بىرىدۇر.

2. ئىمام ئەبۇ داۋۇد مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىستىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپ ۋىترىغا كەلگەندە، (ئىككىنچى سەجدىدىن قىيامغا تۇرماقچى بولغاندا) ئوبدان تۈزلىنىپ ئولتۇرمىغۇچىلىك ئورنىدىن تۇرمايدىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان[88]. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى سەجدىدىن تۇرماقچى بولغاندا ئوبدان تۈزلىنىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا بۇ ئىش «سۈننەت» بولۇشى تۈگۈل، «مۇستەھەپ»مۇ ئەمەس. ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى يېشى چوڭىيىپ، بەدىنى ئېغىرلىشىپ قالغانلىق تۈپەيلىدىن قىلغان بولۇپ، بۇ ياشىنىپ قالغان ھەرقانداق ئادەم قىلىدىغان، ئادەتتىكى بىر ئىشتۇر[89]. يەنە مەشھۇر ھەنبەلىي ئۆلىمالىرىدىن ئىمام بۇھۇتىيمۇ بۇ ئىشنىڭ مۇستەھەپ ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىدىمۇ ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن، تۈزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن قىيامغا تۇرۇش خۇددى ھېرىپ قالغان ئادەم تىنىۋالغاندەكلا بىر ئىشتۇر. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن ئولتۇرمايلا قىيامغا تۇرۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر، ئەلى، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق مەشھۇر ساھابىلەردىنمۇ رىۋايەت بارلىقى نەقىل قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە نۇئمان ئىبنى ئەبى ئەييياشنىڭمۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن ساھابىلىرىنىڭ (ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن) ئولتۇرمىغانلىقىنى كۆردۈم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. چۈنكى،

[88] سۈنەن ئەبى داۋۇد، سالات، 844 ـ ھەدىس؛ ناسىرۇددىن ئالبانىي: «سەھىيھۇل جامىئ»، 4773 ـ ھەدىس.

[89] ئەھمەد زەررۇق: «شەرھۇ زەررۇق ئەلا مەتنىررىسالە»، 1 ـ جىلد، 227 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېشى چوڭىيىپ قالغاندا شۇنداق قىلغان[90].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەمەلىي ئىجرائاتلىرىغا قارىغاندا، ئىككىنچى قېتىملىق سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە ئولتۇرمايلا قىيامغا تۇرۇش ئەسلىي ھۆكۈمدۇر. شۇ ۋەجىدىن، ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەپتە، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپتىكى بىر قاراشتا ئۆزرىسىز ئولتۇرۇش مەكرۇھ، دەپ قارالغان. دېمەك، بىر كىشى تېنى ساغلام، ياش بولسا، ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن ئولتۇرمايلا قىيامغا تۇرۇپ كەتكىنى ئەۋزەل؛ ناۋادا يېشى چوڭ، ئاسان ھېرىپ قالىدىغان بولسا، ئولتۇرۇۋېلىپ ئاندىن قوپسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ (يەنى ئىككىنچى سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە، قىيامدىن بۇرۇن ئوبدان رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋېتىپ ئاندىن قىيامغا تۇرۇش) گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىش بولسىمۇ، چوقۇم ھەربىر مۇسۇلماننىڭ شۇ بويىچە قىلىشى كېرەك بولغان «سۈننەت» ئەمەس.

3. بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن كېيىن ئازراق يېنىچە يېتىش مەسىلىسى ھەققىدە كەلگەن بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت (سۈننىتى)نى ئوقۇغان چاغدا، ئوڭ يېنىچە ياتاتتى»[91]. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندا، ناۋادا مەن ئويغاق بولسام، مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى؛ بولمىسا، نامازغا ئەزان ئوقۇلغانغا قەدەر يېنىچە ياتاتتى»[92]. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، ئىمام شافىئىي قاتارلىق بىر بۆلەك ئۆلىمالار بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئازراق يېتىۋېلىش «سۈننەت» دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئىمام مالىك ۋە باشقا ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دەپ قاراپ، بۇ ئىشنى «سۈننەت» دېمەيدۇ. مالىكىي ئۆلىمالار ئىمام مالىكنىڭ: «كىمكى بۇ ئىشنى ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قىلسا، ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەمما، بۇ ئىشنى سۈننەت ۋە ئىبادەت دەپ قىلسا، بۇ چاغدا بۇ ئىشتا ياخشىلىق يوق» دېگەنلىكىنى ۋە كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكىنى نەقىل قىلىشىدۇ[93]. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ھەققىدە ھەدىس بولسىمۇ، ھەركىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ كۆزۈم ئۇخلىسىمۇ، قەلبىم ئۇخلىمايدۇ»[94] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەمما، ئادەتتىكى

[90] ئىمام بۇھۇتىي: «كەششافۇل قىنائ ئەن مەتنىل ئىقناﺋ»، 1 ـ جىلد، 355 ـ بەت.

[91] سەھىيھۇل بۇخارىي، تەھەججۇد، 1160 ـ ھەدىس.

[92] سەھىيھۇل بۇخارىي، تەھەججۇد، 1161 ـ ھەدىس.

[93] ئەبۇلۋەلىد باجىي: «ئەلمۇنتەقا شەرھۇ مۇۋەتتا»، 1 ـ جىلد، 215 ـ بەت.

[94] سەھىيھۇل بۇخارىي، كىتابۇ سالاتىتتەراۋىھ، فەزلۇ مەن قامە رامازان، 2013 ـ ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، سالاتۇللەيل، 738 ـ ھەدىس.

مۇسۇلمانلار بۇنداق قىلسا، سەھەر ۋاقتىدا ھەرقانداق ئادەمنى قاتتىق ئۇيقۇ باسىدىغان بولغاچقا، كۆپىنچە ۋاقتىتا ئۇخلاپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك.

مەشھۇر ھەنەفىي ئۆلىمالىرىدىن ئىبنى ئابىدىن رەھىمەھۇللاھ بۇ ئىشنى «سۈننەت» دېگۈچىلەر بىلەن «سۈننەت ئەمەس» دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلىنى نەقىل قىلغاندىن كېيىن: «بۇ مەسىلىدە گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بامداتنىڭ پەرزى بىلەن سۈننىتى ئارىسىدا يېنىچە يېتىشى مۇسۇلمانلارغا بۇ ئىشنى سۈننەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆيىدە ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈنلا قىلغان» دېگەن[95].

شۇنىڭدەك، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن ئازراق يېتىۋېلىش شافىئىي ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا[96]، سەھەر-راق رىۋايەتتە ھەنبەلىي ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا[97] ۋە باشقا بىر بۆلەك سەلەف ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا «سۈننەت»[98] بولسا؛ ھەنەفىيلەرنىڭ[99]، مالىكىيلارنىڭ[100]، ھەنبەلىيلەردىن بىر رىۋايەتتە[101]، يەنە بىر بۆلەك سەلەف ئۆلىمالارنىڭ[102] ۋە ئاساسەن كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا[103] بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن كېيىن يېتىش توغرا ئەمەس. ھەتتا ساھابىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئەينەن بەجا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن چىڭ تۇرىدىغانلىقى بىلەن نامى چىققان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلارنىڭ بۇ ئىشنى «بىدئەت» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ. بىر قېتىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر ئادەمنىڭ بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يېنىچە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ نافىئتىن: «بۇ نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغان. نافىئ: «پەرز بىلەن سۈننەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېگەندە: «سالامدىن ئەۋزەل پاسىلمۇ بولامدۇ؟»[104] دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قىلغىنىنى ياقتۇرمىغاندەك پوزىتسىيە بىلدۈرگەن.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ئازراق

[95] ئىبنى ئابىدىن: «رەددۇل مۇھتار»، 2-جىلد، 463—462-بەتلەر.

[96] ئىمام نەۋەۋى: «رەۋزەتۇت تالىبىين»، 1-جىلد، 338-بەت.

[97] ئىمام بۇھۇتىي: «شەرھۇ مۇنتەھەل ئىرادات»، 1-جىلد، 237-بەت.

[98] ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنىي»، 2-جىلد، 542-بەت؛ زەينۇددىن ئىراقىي: «تەرھۇت تەسرىيب فىي شەرھىت تەقرىيب»، 3-جىلد، 52—51-بەتلەر.

[99] ئىبنى ئابىدىن: «رەددۇل مۇھتار»، 2-بەت، 462—463-بەتلەر؛ «ئەلئۇقۇدۇد دۇررىييە فىي تەنقىيهىل فەتاۋال هامىدىييە»، 1-جىلد، 16—15-بەتلەر.

[100] شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان تارابلۇسىي (ھەتتاب رۇئەينىي): «مەۋاھىبۇل جەلىيل فىي شەرھى مۇختەسەرى خەلىيل»، 2-جىلد، 384-بەت.

[101] ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنىي»، 2-جىلد، 542-بەت.

[102] بەدرۇددىن ئەينىي: «ئۇمدەتۇل قارىي شەرھۇ سەھىيهىل بۇخارىي»، 7-جىلد، 316—319-بەتلەر.

[103] ئىبنى بەتتال: «شەرھۇ سەھىيهىل بۇخارىي»، 3-جىلد، 154—151-بەتلەر.

[104] ئىبنى ئابىدىن: «رەددۇل مۇھتار»، 2-جىلد، 462-بەت.

يېتىۋالىدىغانلىقى سەھىھ ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغان. ئەمما، بۇ ئىش ھەققىدە ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈنلا، مەيلى ساھابىلەر بولسۇن، تابىئىنلار بولسۇن ياكى مۇجتەھىد ئىماملار بولسۇن، ئومۇمىيۈزلۈك ھەممەيلەن بۇ ئىشنى «سۈننەت» دېمىگەن. پەقەت بىر قىسمى بۇ ئىشنىڭ «سۈننەت» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى «سۈننەت» ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

4. يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيىشتىن چەكلىدى»[105]. قارايدىغان بولساق، بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيىشتىن چەكلىگەن. بەزى كىشىلەر ئىمام مالىكتىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، «ھېچ ۋەقەسى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىبنى رۇشد ئىمام مالىكنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيىشتە بىرەر مەسىلە بار دەپ قارىمايدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيگۈچىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپلا بۇ ئىشتىن چەكلىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەگەر يىقىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرىمىسە، ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيىشنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ[106]. بۇ ھەدىسلەردىنمۇ بىرەر مەسىلە ھەققىدە ھەدىس بولسىلا، ئۇ ئىشنىڭ چوقۇم «سۈننەت» بولمايدىغانلىقىنى ياكى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغاننىڭ ئەكسىنىڭ چوقۇم «بىدئەت» بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇجتەھىد ئىماملاردىن ئىمام مالىك گەرچە ئۆزى نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان بولسىمۇ، مەزكۇر ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىشلار «سۈننەت» بولۇشى ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ قارىشىدا «سۈننەت»كە باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان «مەدىنەلىكلەرنىڭ ئەمەلى»گە زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەتتا ئۆز ئەسىرى «مۇۋەتتا»دا رىۋايەت قىلغان بەزى سەھىھ ھەدىسلەرگىمۇ ئەمەل قىلمىغانلىقى ياكى ئۇ ھەدىسلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

مەسىلەن، ئىمام مالىك: «مەن ئىبنى شىھابتىن نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئاڭلىدىم، ئەمما ھازىرغا قەدەر ئۇلارنى ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمىدىم» دېگەن. ئىسھاق ئىبنى مۇھەممەد بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئىمام مالىك: «چۈنكى، مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەلى ئۇ ھەدىسلەردە دېيىلگەندەك ئەمەس ئىدى، شۇڭا مەن ئۇ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن[107]. يەنە ئىمام مالىك «مۇۋەتتا» ناملىق ئەسىرىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: «سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئايرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، (سودىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ياكى سودىدىن يېنىۋېلىشتا) ئىختىيارلىقتا

[105] سۈنەن تىرمىزي، لىباس، 1775 ـ ھەدىس؛ ھەيسۇمىي: «مەجمەئۇز زەۋائىد»، 5 ـ جىلد، 139 ـ بەت، 8629 ـ ھەدىس.

[106] ئىبنى رۇشد: «ئەلبايان ۋەتتەھسىل»، 18 ـ جىلد، 50 ـ ۋە 437 ـ بەتلەر.

[107] قازى ئىياز: «تەرتىيبۇل مەدارىك»، 1 ـ جىلد، 186 ـ بەت.

بولىدۇ...»[108] دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئەمما: «بىزدە (يەنى مەدىنەلىكلەر ئىچىدە) بۇنىڭ (يەنى سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ قاچان ئايرىلغان بولىدىغانلىقىنىڭ) ئېنىق چېكى يوق ھەم بۇ (مەدىنىدە) ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن ئىش ئەمەس»[109] دەپ بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. بىرەيلەن: «ئەمەل قىلمايدىغان ئادەم نېمىشقا بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئىمام مالىك: «سەندەك جاھىللار مېنىڭ بۇ ھەدىسنى بىلمەي قېلىپ ئەمەس، بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمىغانلىقىمنى بىلىپ قالسۇن، دەپ رىۋايەت قىلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە بىرەيلەن: «ھەي ئەبۇ ئابدۇللاھ! سەن سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىيارلىقى ھەققىدە ھەدىس بارلىقىنى بىلمەمسەن؟» دەپ سورىغاندا: «مەن ئۇ ھەدىسنى سەن بەقىيئتە ئويناپ يۈرگەن چېغىڭدىلا بىلەتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن[110].
ئىمام مالىك بىرقانچە قېتىم ئۆزىنىڭ ساھابىلەرنىڭ ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلغان تابىئىنلار ئىچىدىن مەدىنە ئۆلىمالىرىنىڭ ئىلمىنى ئالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. تابىئىنلارنىڭ بىر قىسىم ئۆلىمالىرى بەزى ھەدىسلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندا: «بىز بۇ ھەدىسلەرنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس. لېكىن، ئەمەل (يەنى مەدىنەلىكلەرنىڭ ئەمەلى) بۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلمىدۇق» دەيتتى[111]. ئىمام مالىكنىڭ بۇ يەردە «مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەلى»دىن كۆزدە تۇتقىنى مەدىنەلىك مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ئەمەلىي ئىجرا قىلىپ كەلگەن «سۈننەت»تۇر.

ئىمام مالىك ھەم مۇھەددىس، ھەم فىقھشۇناس، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن مەشھۇر تۆت مەزھەپ پېشۋالىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. شۇنداقلا ئۇ «ھىجرەت يۇرتىنىڭ ئىمامى، پەيغەمبەر دىيارىنىڭ ئىمامى، سۈننەت ئىمامى» دېگەندەكناملار بېرىلگەن مىسلىسىز ئۆلىمادۇر. ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا «سۈننەت» ئادەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرغان ئەمەل بولغاچقا ۋە مەدىنەلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەللىرى دەل ئاشۇنداق ئىزچىللىق بىلەن ئىمام مالىكقا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەدىنەلىكلەرنىڭ ئەمەلى «سۈننەت»كە باراۋەر ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىمام مالىك ھەدىستە تىلغا ئېلىنغانلىكى ئىشنى «سۈننەت» دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئۇستازلىرىدىن ئاڭلىغان

[108] ئىمام مالىك: «مۇۋەتتا»، 2 ـ جىلد، 201 ـ بەت، 1958 ـ ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي «سەھىھۇل بۇخارىي، كىتابۇل بۇيۇئ، 2111 ـ نومۇرلۇق ھەدىس»تە ۋە باشقا ھەدىسلەردىمۇ رىۋايەت قىلغان؛ يەنە ئىمام مۇسلىممۇ «سەھىھ مۇسلىم، كىتابۇل بۇيۇئ، 1531 ـ نومۇرلۇق ھەدىس»تە ۋە باشقا ھەدىسلەردىمۇ رىۋايەت قىلغان.

[109] ئىمام مالىك: «مۇۋەتتا»، 2 ـ جىلد، 201 ـ بەت، 1959 ـ ھەدىس.

[110] شەمسۇددىن مۇھەممەد رائىي ئەندەلۇسىي: «ئىنتىسارۇل فەقىيرىس سالىك»، 225 ـ بەت.

[111] قازى ئىياز: «تەرتىيبۇل مەدارىك»، 1 ـ جىلد، 45 ـ بەت.



بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قارىشىدىكى «مەدىنەلىكلەرنىڭ ئەمەلى»دىن ئىبارەت سۈننەتكە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە ياكى باشقا كۈللى قائىدىلەرگە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە بەزى ھەدىسلەر سەھىھ بولسىمۇ باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمىگەن، ئۆزىمۇ ئەمەل قىلمىغان. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئىمام مالىكقىلا خاس ئەھۋال ئەمەس. مۇجتەھىد ئىماملار «سۈننەت»نىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئىسلامدا نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشتا پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئەگەر ھەر ھەدىس «سۈننەت» بولىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار «سۈننەت»كە ئەمەل قىلىشتا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە يۇقىرىقىدەك مۇئامىلە قىلغانلىقى ھەدىسلا بولسا «سۈننەت» بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇھەددىسلەر، ئۇسۇلشۇناسلار ۋە فىقھشۇناسلاردىن ئىبارەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستېمالىدا «سۈننەت» ئۇقۇمى ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئازغۇنلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدە قوللىنىلمايدۇ. بۇ نۇقتىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا: «ئۇنداقتا، ئىسلامدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئازغۇنلۇق› دەپ سۈپەتلىگەن ۋە دوزاختا ئاپىرىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان بىدئەت ئۇقۇمىغا زىت مەنىدىكى سۈننەت زادى قايسى؟» دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ ماقالە دەسلەپتە «ھەدىس، سۈننەت ۋە بىدئەت»تىن ئىبارەت ئۈچ ئۇقۇم ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئورتاقلىقلار ۋە پەرقلەرنىڭ نېمىلىكى ھەمدە بۇ ئۇقۇملارنىڭ قانداق ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىش ئارقىلىق «سۈننەت ۋە بىدئەت» مەسىلىسىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە باشلانغان بولسىمۇ، بەك ئۇزىراپ كېتىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ماقالىدە پەقەت «ھەدىس»

ۋە «سۈننەت» ئۇقۇمى ھەققىدىلا توختالدىم. چۈنكى، بۇ «سۈننەت ۋە بىدئەت» تېمىسى بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىمۇ ھازىرغىچە كۆپلەپ دەتالاش تەتقىقاتلار قىلىنغان، ھېلىھەم دەتالاش قىلىنىۋاتقان، مۇرەككەپ ھەم مۇھىم تېمىلاردىن بىرى بولغاچقا، بۇ ھەقتە كونكرېتراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئايرىم بىر ماقالە يېزىلغۇسى، ئىنشائاللاھ!

قىسقىسى، ئىسلامدا ھەدىسلەر ئارقىلىق «سۈننەت» دېيىلىدىغان ھۆكۈم ئىسپاتلانغاندىن سىرت، «ۋاجىپ، مۇستەھەپ، مەكرۇھ، ھالال، ھارام...» دېگەندەك ھۆكۈملەرمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بەزى ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى «سۈننەت»نى ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىلاپ ئەمەل قىلىش «بىدئەت» دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، بارلىق ھەدىسلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدىكى «سۈننەت»نى ئۇقتۇرىدىغان ئىش يوق. شۇڭا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن تۆت مەزھەپ ئىماملىرى بولغان ئىمام ئەزەم، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن تارتىپ، ھەدىسلەردە دېيىلگەننى ئەينەن ئىجرا قىلىشتا ئەڭ چىڭ تۇرىدىغان زاھىرىيلارمۇ، كېيىنكى دەۋردە سۈننەت ئىماملىرى دەپ ئاتالغان ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنۇلقەييىم جەۋزىيلەرمۇ، ئاندىن ھازىرقى زاماندا «سۈننەت، بىدئەت» مەسىلىسىدە شۇنچىۋالا چىڭ تۇرىدىغان سەلەپىي ئالىملاردىن بىن باز، ئۇسەيمىن قاتارلىقلارمۇ ھەرقانداق ھەدىستىن «سۈننەت» دېگەن ھۆكۈمنى چىقارمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەدىسلەردىن «سۈننەت»تىن باشقا «ۋاجىپ، مۇستەھەپ، مەندۇب، مەكرۇھ...» دېگەندەك ھۆكۈملەرنىڭمۇ چىقىرىلىدىغانلىقىغا بىردەك قايىل.

شۇڭا، بىر مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ ئىستېمالىدىكى «ھەدىس» بىلەن مەنىداش بولغان ياكى «ۋاجىپ، مۇستەھەپ، مەندۇب، مەكرۇھ...» دېگەندەك شەرئىي ئەھكاملارغا پاراللېل ھالەتتە قوللىنىلىدىغان «سۈننەت» ئۇقۇمىنى «بىدئەت» ئۇقۇمىغا زىت مەنىدىكى «سۈننەت» دەپ چۈشىنىۋېلىپ، ئاندىن كاللىمىزدا «ھەدىس = سۈننەت» دەپ فورمۇلا تۈزۈۋېلىپ، بىرەر ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغان ياكى ئەكسىچە ئەمەل قىلغان بىر مۇسۇلمانغا، بولۇپمۇ ئۆلىمالارغا «بىدئەتچى، مۇرجىئىي، دوزىخىي» دېگەندەك ھۆكۈملەرنى پىچىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز لازىم.

ئاخىردا بۇ ھەقتىكى سۆزىمىزنى مۇنداق بىرقانچە ماددىغا بۆلۈپ خۇلاسىلەش مۇمكىن:

***1. «ھەدىس» ئۇقۇمى بىلەن «سۈننەت» ئۇقۇمى بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، «ھەدىس = سۈننەت» دەيدىغان فورمۇلا يوق. بىر ئىش ھەققىدە بىرەر ھەدىس بولسىلا، ئۇ ئىش «سۈننەت» بولۇۋەرمىگىنىدەك، بىر ئىش ھەققىدە ھەدىس بولمىسىلا، «بىدئەت»مۇ بولۇۋەرمەيدۇ.***

***2. ھەدىس بىر ئىشنىڭ «سۈننەت» ئىكەنلىكىنى***

ئىسپاتلاشتا ئەڭ مۇھىم مەنبە بولسىمۇ، «بىدئەت»كە زىت مەنىدە قوللىنىلىدىغان «سۈننەت» ئۇقۇمىنىڭ ئۆزى ئەمەس. شۇنىڭدەك بىرەر ئىشنىڭ بۇ مەنىدە «سۈننەت» بولۇشى ئۈچۈنمۇ ئۇ ئىش ھەققىدە چوقۇم بىر ھەدىس بولۇشى شەرت ئەمەس، چۈنكى بۇ مەنىدىكى «سۈننەت» بەزىدە ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ.

3. ھەدىسلەرنىڭ توقۇلما ياكى ئاجىز بولۇش ئېھتىماللىقى بار، ئەمما سۈننەتنىڭ ئۇنداق بولۇش ئېھتىماللىقى يوق، چۈنكى «سۈننەت» ھەر دەۋردە نەچچە مىڭلىغان، نەچچە ئون مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىشى بىلەن، «ئەمەلىي مۇتەۋاتىر» يوللار ئارقىلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇنداق شەكىلدە يېتىپ كەلگەن بىر ئىشنىڭ توقۇلما بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

4. «ھەدىس» خاسلىقتا، كونكرېتلىقتا، يەككىلىككە ۋە ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھاياتىدا پەقەت بىر قېتىملا قىلغان سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەتمۇ؛ ئوخشاش ئىشنىڭ بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە مۇنداق قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان ئەھۋاللارمۇ بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەييەن بىر مەسىلىدە، ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل شەكىلدە ئېيتقان سۆزلىرىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ھەدىس» دەپ ئاتىلىۋېرىدۇ؛ ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، «سۈننەت» ئىزچىللىقتا، ئومۇمىيلىقتا، پرىنسىپاللىقتا ۋە ئالەمشۇمۇللۇقتا ئىگە بولۇپ، ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

5. «ھەدىس» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ يەككە - يەككە ھالدا، كونكرېت خاتىرىلەنگەن رىۋايەت شەكلىدۇر؛ ئەمما «سۈننەت» مەزكۇر يەككىلىكلەرنىڭ ئومۇمىدىن خۇلاسىلەنگەن يەكۈن ۋە ئەمەلىي ئىجرائاتلادۇر. بۇ نۇقتىدىن، «ھەدىس» ماھىيەت جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ «ئاغزاكى شەكلى»نى ئىپادىلىسە، «سۈننەت» ماھىيەت جەھەتتە ئۈزلۈكسىزلىك ۋە ئىزچىللىقنى ئاساس قىلغان «ئەمەلىي ئىجرائاتلار»نى ئىپادىلەيدۇ؛ دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئاندىن ساھابىلەر، ئاندىن تابىئىنلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تا بۈگۈنگە قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزچىل ۋە ئۈزلۈكسىز ئىجرا قىلىشى نەتىجىسىدە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىكى مۇئەييەن فورمۇلا ۋە قېلىپلارنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

1. ئامىدىي: «ئەلئىھكام فىي ئۇسۇلىل ئەھكام»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇررازاق ئەفىيفىي، ئەلمەكتەبەتۇل ئىسلامىي، بېيرۇت–لىۋان، ھىجرىيە 1406 - يىلى نەشرى، 4 جىلد.

2. ئەبۇلۋەلىد باجىي: «ئەلمۇنتەقا شەرھۇ مۇۋەتتا»، دارۇل كىتابىل ئىسلامىي، قاھىرە، 2 - باسمىسى، 7 جىلد.

3. ئەھمەد زەررۇق: «شەرھۇ زەررۇق ئەلا مەتنىررىسالە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەھمەد فەرىيد مەزيىدىي، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت–لىۋان، 2006 - يىلى نەشرى، 2 جىلد.

4. بەدرۇددىن ئەينىي: «ئەلبىنايە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەيمەن سالىھ شەئبان، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت–لىۋان، 2019 - يىلى نەشرى، 13 جىلد.

5. بەدرۇددىن ئەينىي: «ئۇمدەتۇل قارىي شەرھۇ سەھىيھىل بۇخارىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ مەھمۇد مۇھەممەد ئۆمەر، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت–لىۋان، 2001 - يىلى نەشرى، 25 جىلد.

6. بەدرۇددىن زەركەشىي: «ئەلبەھرول مۇھىيت فى ئۇسۇلىلفىقهى»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد مۇھەممەد تامىر، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت–لىۋان، 2000 - يىلى نەشرى، 4 جىلد.

7. بەربەھارىي: «شەرھۇسسۇننە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سەئىد سالىم ئەلقەھتانىي، دارۇ ئىبنىلقەييىم، دەممام، ھىجرىيە 1408 - يىلى نەشرى.

8. بەيھەقىي: «سۇنەنۇل كۇبرا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئەتا، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت–لىۋان، 2003 - يىلى نەشرى، 10 جىلد.

9. جامالۇددىن قاسىمىي: «قەۋائىدۇت تەھدىيس مىن فۇنۇنى مۇستەلەھىل ھەدىس»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد بەھجەت بايتار، ئىبنى زەيدۇن نەشرىياتى، دەمەشق، 1925 - يىلى نەشرى.

10. جەسساس، (ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەلى رازىي): «ئەلفۇسۇل فىلئۇسۇل»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەجىيل جاسىم نەشەمىي، ۋەزارەتۇل ئەۋقاف ئەلكۇۋەيتىيە، كۇۋەيت، 1994 - يىلى نەشرى، 4 جىلد.

11. دارەقۇتنىي: «سۇنەن دارەقۇتنى»، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: شۇئەيب ئەرناۋۇت، ھەسەن ئابدۇلمۇنئىم شەلەبىي ۋە سەئىيد لەھھام، مۇئەسسەسەتۇررىسالە، بېيرۇت–لىۋان، 2004 - يىلى نەشرى، 5 جىلد.

12. زەبىيدىي: «تاجۇلئەرۇس»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇستافا ھىجازىي، كۇۋەيت دۆلەت مەتبەئەخانىسى، 2001 - يىلى نەشرى، 40 جىلد.

13. زەينۇددىن ئىراقىي: «تەرھۇت تەسرىيب فىي شەرھىت تەقرىيب»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلقادىر مۇھەممەد ئەلىي، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، 2000 - يىلى نەشرى، 8 جىلد.

14. سەھىھ مۇسلىم

15. سەھىيھۇل بۇخارىي

16. سۇلايمان نەدۋى: «تەھقىيقۇ مەئنەسسۇننە ۋە بەيانۇل ھاجەتى ئىلەيھا»، مەنار ژۇرنىلى، 1929 - يىلى، 6 - ئاي نەشرى (ھىجرىيە 1348 - يىلى، مۇھەررەم)، 30 - سان، 673–689 - بەتلەر.

17. سۇنەن ئەبى داۋۇد

18. سۇنەن تىرمىزىي

19. سۇنەن نەسائىي

20. سۇنەن ئىبنى ماجە

21. شەمسۇددىن مۇھەممەد رائىي ئەندەلۇسىي: «ئىنتىسارۇل فەقىيرىسسالىك»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئەبۇلئەجفان، دارۇل غەربىل ئىسلامىي، بېيرۇت–لىۋان، 1981 - يىلى نەشرى.

22. شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان تارابلۇسىي (ھەتتاب رۇئەينىي): «مەۋاھىبۇل جەلىيل فىي شەرھى مۇختەسەرى خەلىيل»، دارۇ ئالەمىل كۇتۇب، بېيرۇت–لىۋان، 2003 - يىلى نەشرى، 8 جىلد.

23. قازى بەيزاۋى: «مىنھاجۇل ۋۇسۇل ئىلا ئىلمىل ئۇسۇل»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: شەئبان مۇھەممەد ئىسمائىل، دارۇ ئىبنى ھەزم، بېيرۇت–لىۋان، 2008 - يىلى نەشرى.

24. قازى ئىياز: «تەرتىيبۇل مەدارىك»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئىبنى تاۋىت تەنجىي، ۋەزارەتۇل ئەۋقاف نەشرىياتى، مەغرىب، 1983 - يىلى نەشرى، 8 جىلد.

25. قۇرئان كەرىم

26. مۇستافا سىبائىي: «ئەسسۇننە ۋە مەكانەتۇھا فىتتەشرىيئىل ئىسلامىي»، ئىبنى ھەزم نەشرىياتى، بېيرۇت–لىۋان، 2010 - يىلى نەشرى.

27. مۇھەممەد شەمسۇلھەق ئەزىيم ئابادىي: «ئەۋنۇل مەئبۇد شەرھۇ سۇنەنى ئەبى داۋۇد»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسامۇددىن سەبابەتىي، دارۇل ھەدىس، قاھىرە، 2001 - يىلى نەشرى، 8 جىلد.

28. ناسىرۇددىن ئالبانىي: «سەھىيھۇل جامىئ»، ئەلمەكتەبەتۇل ئىسلامىي، بېيرۇت، 1988 - يىلى نەشرى.

29. نۇرۇددىن ئەتر: «مەنھەجۇننەقد فىي ئۇلۇمىل ھەدىس»، دارۇلفىكر، دەمەشق–سۇرىيە، 1981 - يىلى نەشرى.

30. ھەيسۇمىي: «مەجمەئۇز زەۋائىد»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھىسامۇددىن ئەلقۇدسىي، مەكتەبەتۇل قۇدسىي، قاھىرە، 1994 - يىلى نەشرى، 10 جىلد.

31. ئىبنى ئابىدىن: «رەددۇل مۇھتار»، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئادىل ئەھمەد ئابدۇلمەۋجۇد ۋە ئەلى مۇھەممەد مۇئەۋۋەز، دارۇ ئالەمىل كۇتۇب، رىياد، 2003 - يىلى نەشرى، 12 جىلد.

32. ئىبنى ئابىدىن: «ئەلئۇقۇدۇد دۇررىييە فىي تەنقىيھىل فەتاۋال ھامىدىييە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئوسمان، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت–لىۋان، 2008 - يىلى نەشرى، 2 جىلد.

33. ئىبنى ئەقىيل: «ئەلۋازىھ فىي ئۇسۇلىل فىقھ»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن تۈركىي، مۇئەسسەسەتۇررىسالە، بېيرۇت – لىۋان، 1999 - يىلى نەشرى، 5 جىلد.

34. ئىبنى ئەمىيرىلھاج ئەلھەلەبىي: «ئەتتەقرىر ۋەتتەھبىير»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ مەھمۇد مۇھەممەد ئۆمەر، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، 1999 - يىلى نەشرى، 3 جىلد.

35. ئىبنى بەتتال: «شەرھۇ سەھىيھىل بۇخارىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىر ئىبنى ئىبراھىم، مەكتەبەتۇررۇشد، رىياد، 10 جىلد.

36. ئىبنى رۇشد: «ئەلبايان ۋەتتەھسىل»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ھەججىي، دارۇل غەربىل ئىسلامىي، بېيرۇت-لىۋان، 1988 - يىلى نەشرى، 20 جىلد.

37. ئىبنى فارىس: «مۇئجەمۇ مەقايىيسىللۇغە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇسسالام مۇھەممەد ھارۇن، دارۇل فىكر، 1979 - يىلى نەشرى، 6 جىلد.

38. ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن تۈركىي ۋە ئابدۇلفەتتاھ مۇھەممەد ھۇلۇ، ئالەمۇل كۇتۇب نەشرىياتى، رىياد، 1997 - يىلى نەشرى، 15 جىلد.

39. ئىبنى ماجە

40. ئىبنى مەنزۇر: «لىسانۇل ئەرەب»، دارۇل مەئارىف، قاھىرە.

41. ئىبنى نۇجەيم: «فەتھۇل غەففار بشەرھىل مەنار»، مۇستافا ئەلبابىي ئەلھەلەبىي مەتبەئەسى، 1936 - يىلى نەشرى، 3 جىلد.

42. ئىبنى ھاجىب: «مۇنتەھەل ۋۇسۇلى ۋەلئەمەل فىي ئىلمەيىل ئۇسۇلى ۋەلجەدەل»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد بەدرۇددىن ئەننەئسانىي ئەلھەلەبىي، مەتبەئەتۇس سائادە، مىسىر، ھىجرىيە، 1326 - نەشرى.

43. ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي: «فەتھۇلبارىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: شۇئەيب ئەرنائۇت ۋە باشقىلار، دارۇررىسالەتىل ئالەمىييە، بېيرۇت، 2013 - يىلى نەشرى، 24 جىلد.

44. ئىبنى ھەزم: «ئەلمۇھەللا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد مۇنىير دىمەشقىي، مۇنىيرىيە باسمىخانىسى، مىسىر، ھىجرىيە 1352 - يىلى نەشرى، 11 جىلد.

45. ئىمام بەيھەقىي: «سۇنەنۇل كۇبرا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئەتا، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت - لىۋان، 2003 - يىلى نەشرى، 10 جىلد.

46. ئىمام بۇھۇتىي: «شەرھۇ مۇنتەھەل ئىرادات»، ئالەمۇل كۇتۇب نەشرىياتى، بېيرۇت، 1993 - يىلى نەشرى، 3 جىلد.

47. ئىمام بۇھۇتىي: «كەششافۇل قىناﺋ ئەن مەتنىل ئىقناﺋ»، ئالەمۇل كۇتۇب نەشرىياتى، بېيرۇت، 1983 - يىلى نەشرى، 6 جىلد.

48. ئىمام سەرەخسىي: «ئۇسۇلۇس سەرەخسىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەبۇلۋەفا ئەلئافغانىي، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت–لىۋان، 1993 - يىلى نەشرى، 2 جىلد.

49. ئىمام شاتىبىي: «ئەلمۇۋافەقات فىي ئۇسۇلىش شەرىيئە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەبۇ ئۇبەيدە مەشھۇر ئىبنى ھەسەن، دارۇ ئىبنى ئەففان، سەئۇدىي ئەرەبىستان، 1997 - يىلى نەشرى، 6 جىلد.

50. ئىمام شەۋكانىي: «ئىرشادۇل فۇھۇل ئىلا تەھقىيقى ئىلمىل ئۇسۇل»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سەئىيد ئەلبەدرىي (ئەبۇ مۇسئەب)، دارۇلفىكر، بېيرۇت، 1992 - يىلى نەشرى.

51. ئىمام مالىك: «مۇۋەتتا»، يەھيا ئىبنى لەيسىي رىۋايىتى، نەشرگە تەييارلىغۇچى: بەششار ئەۋۋاد مەئرۇف، دارۇل غەربىل ئىسلامىي، بېيرۇت، 1997 - يىلى نەشرى، 2 جىلد.

52. ئىمام نەۋەۋى: «ئەلمەجمۇئ»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد نەجىب ئەلمۇتىيئىي، دارۇ ئالەمىل كۇتۇب، رىياد، 2003 - يىلى نەشرى، 23 جىلد.

53. ئىمام نەۋەۋى: «ئەلمىنھاج (سەھىھ مۇسلىم بىشەرھىن نەۋەۋى)»، ئەزھەر مەتبەئەتۇل مىسرىييە، 1929 - يىلى نەشرى، 3 - جىلد، 160 - بەت.

54. ئىمام نەۋەۋى: «ئەلمىنھاج (سەھىھ مۇسلىم بىشەرھىننەۋەۋى)»، مەتبەئەتۇل مىسرىييە، 1929–1930 - يىللىرى نەشرى، 18 جىلد.

55. ئىمام نەۋەۋى: «رەۋزەتۇت تالىبىين»، ئەلمەكتەبەتۇل ئىسلامىي، 1991 - يىلى نەشرى، 12 جىلد.



# بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شېھىت بولغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

مۇھەممەد يۈسۈپ

ئوت يۈرەك ئالىم ئابدۇقادىر داموللام 20-ئەسىردىكى بۈيۈك ئىسلاھاتچىلا ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شەخستۇر. چۈنكى داموللام باشلىغان يېڭى مائارىپ سايىسىدا دىيارىمىزدىكى مەكتەپ-مەدرىسەلەر كونىلىقىقا، قالاقلىقىقا، قاراڭغۇلۇققا «خەير-خوش» دېگەن ۋە ئاۋام خەلقىنىڭ دىنىنى ئۆگىنىش يولى ئالاھىدە ئوڭايلاشقانىدى.

ئابدۇقادىر داموللام شەرقىي تۈركىستاندا ئەسىرلەردىن بېرى قالاقلىق ۋە جاھالەت ئىچىدە قالغان مەكتەپ - مەدرىسەلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئۆسمۈرلەرنىڭ سەۋىيەسىگە ۋە زاماننىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇرچە تۈزۈپ چىقىش، دەرسلىكلەرگە ئۇيغۇر تىلى، قۇرئان ئوقۇش قائىدىسى، ماتېماتىكا ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق تۈرلەرنى كىرگۈزۈپ، يېڭىچە ئىلغار مائارىپنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق دەۋر بۆلگۈچ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان شەخستۇر.

ئابدۇقادىر داموللام يەنە ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىش ئارقىلىق ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن كونا ئادەتنى ئۆزۈپ تاشلاپ، كېيىنكىلەرگە پارلاق يول ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئۇلۇغ زاتتۇر. چۈنكى بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى ئەسەرلىرىنى ئەرەبچە ياكى پارسچە يازىدىغان بولۇپ، شۇ زامانلارنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەرەبچە ياكى پارسچە بولمىغان ئەسەرلەر ئەسەر ھېسابلانمايدىغان دەرىجىدە ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرچە يېزىلغان دىنىي ئەسەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام 1862-يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى ئۆز يۇرتىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ۋە بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئاندىن شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن ئاقارتىش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋە بۇ يولغا ھاياتىنى ئاتىغان بىر شەخستۇر.

### داموللامنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى

بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تالانتى، كۆپ قىرلىق ئىقتىدارى بۇخارادا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا قايىل بولغان ۋە ئۇنىڭ مول بىلىم ھاسىل قىلغانلىقىغا شاھىت بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن داموللام بۇخارادىكى ئۆزى ئوقۇغان مەدرىسىدە مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىنغان. ئەمما داموللام ئۆز خەلقىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئىلىم-مەرىپەت كۆچەتلىرىنى تىكىش مەقسىتى بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى قارار قىلغان. داموللام شۇ چاغدىكى ۋەتەن سۆيگۈسىنى ۋە ئانا ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى مۇنۇ شېئىر بىلەن ئىپادىلىگەن:

باغرىڭغا ئىنتىلدىم، ئەي ئانا ۋەتەن،
قوينۇڭدا ياشاشقا باستىممەن قەدەم.
ئۇمىدىم،بولغانداخەلقىمبىلىملىك،
تۈگەيدۇ قەلبىمدە ھەسرەتۇ ئەلەم.

داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشىنى سەككىز يىلدا تاماملاپ، ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇرارلىق شەكىلدە ئىلىم -ئىرپانغا تولۇپ ئانا ۋەتىنىگە قايتقاندا، يۇرتىدىكى مەدرىسلەرنىڭ قالاقلىقى ۋە خەلقىنىڭ نادانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلانغان ۋە دەرھال ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئىش باشلىۋەتكەن. نەتىجىدە، داموللام ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەردىن مەرىپەت غۇنچىلىرى ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىغان.

### داموللامنىڭ خەلقنى ئويغىتىش ھەرىكەتلىرى

ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرى، نۇتۇقلىرى ۋە دەرسلىرى ئارقىلىق ھەمىشە خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا تىرىشاتتى. ھەتتا تالىپلىرىغا بۇيرۇپ، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى تارقىتاتتى. ئۇ تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىدا مۇنداق ئوتلۇق خىتابلار بار ئىدى: «... بۇ دەۋر ئىلىم مەرىپەت دەۋرىدۇر، جاھالەت ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەستۇر. سەئيي ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر، سۇسلۇق - بىكارچىلىق دەۋرى ئەمەستۇر. باشقا خەلقلەر ئىلىم - مەرىپەت كۆكىدە ئۇچماقتا، سۇ تەكتىدە ئۈزمەكتە. بىزلەر بولساق تېخىچە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ تەرزدە داۋاملىق ئۇخلىماق زاۋاللىق ۋە ھالاكەت دېمەكتۇر. ئۇيقۇدىن بىدار بولايلى، ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت باردۇر...». داموللام يەنە ئۆزىنىڭ «ئاممىغا نەسىھەت» ناملىق ئەسىرىدىكى ۋىجدانىنى ئويغىتىدىغان، ئادەمنى تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدىغان، قىلىچتىن ئۆتكۈر سۆزلىرى بىلەن پۇرسەت تاپسىلا خەلقنى ئويغىتىشقا تىرىشاتتى. ئۇ يەنە تالىپلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق شەھەرلەردە خىرىستىيان دىنىنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىۋاتقان شىۋېت ۋە رۇس مىسسىيونېرلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى ئەمەلىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان.

### ئۆز ۋاقتىدىكى ۋەزىيەت

ئەينى يىللاردا دىيارىمىزدا قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ يولىدىن چىقىش،

يۈسۈپ خاس ھاجىپ روھىدىن يىراقلىشىش، تۈرلۈك خۇراپاتلارنى دىن دەپ قوبۇل قىلىش، راھىبلارچە تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىغا ئەگىشىش خاھىشى باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، مەدرىسەلەر جانباقار قارا قورساقلارنى يېتىشتۈرىدىغان، خەلق بىدئەتلەرگە چۆكۈپ كەتكەن بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. نەچچە ئون يىل ئوقۇپمۇ دىنىنى چۈشەنمەيدىغان، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەيدىغان، پەقەتلا «مەدرىسەدە ئوقۇدى» دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ، ئاشۇ ئاتاق بىلەن جان باقىدىغان، «بىلمەيمەن» دېيىشتىن نومۇس قىلىپ خاتا پەتىۋالارنى چىقىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. خەلقنىڭ بىلىم بۇلىقى بولۇشقا تېگىشلىك ئاشۇ مەكتەپ - مەدرىسەلەر ئىنتايىن پاسسىپلىق ئىچىدە جاھالەت قاينىمىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، تالىپلار چۈشەنمىسىمۇ يادلاپ ئوقۇشقا زورلىناتتى، ئۆلىمالار ئۆزلىرى چۈشەنمىگەن تېكىستلەرنى يادلاش بىلەن يىللارنى ئۆتكۈزەتتى، يەتتە- سەككىز يىل ئەرەب گىراماتىكىسىنى يادلاپ ئوقۇپمۇ بىرەر ئايەتكە ياكى ھەدىسكە مەنە ئېيتالمايتتى. شۇ چاغدا تالىپلار بۇ ۋەزىيەتنى مۇنۇ قوشاق بىلەن ئىپادىلىگەن ئىدى:

زەنجانى كىتاب كۈندۈزىمىزنى كېچە
قىلدى،
ئالتەيلەن ئىدۇق، يەتتىلىمىزنى
گاچا قىلدى.

بۇ شېئىر تالىپلارنىڭ ئۆزى چۈشەنمىگەن تېكىستلەرنى يادلاپ ئوقۇشى ۋە ئۆز تىلىدىن ياتلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە گاچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ زامانلاردىكى مەكتەپ - مەدرىسەلەردە تالىپلار شۇنچىلىك كۆپ بولغان تۇرۇقلۇق، ئالىم بولۇپ چىققانلارنى بارماقتا سانىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە ئاز ئىدى. يىگىرمە - ئوتتۇز يىل مەدرىسىدە ئوقۇپمۇ بىر نەرسە بىلمەيدىغانلار كۆپ بولاتتى. دېمەك، ئۆمۈرنى، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانغا تۇشلۇق ھاسىلات يوق ئىدى. شۇڭا، تالىپلار بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى مۇنۇ قوشاق بىلەن تەسۋىرلىگەن:

يەتتە يىلدۇر تىنىم تاپماي
ئوقۇيمىزلا ئوقۇيمىز،
بابى ئىستىنجاغا كەلدى ئەمدى
بىزنىڭ دەرسىمىز.

## يېڭىچە مائارىپ

داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەن ھامان شەرقىي تۈركىستاندا باشلانغان يېڭىچە مائارىپ ھەركىتى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ قارشىلىقى ۋە دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان جانباقارلارنىڭ «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇش دەھرىيلىك» دەيدىغان پەتىۋالىرى سەۋەبلىك تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچرىدى. ئەمما داموللام خەلقنى ئويغىتىش ۋە مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئىرادىسىدىن قەتئىي يانمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، داموللام ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق دەۋەت يولىدا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلىشنى ئويلاپ، مەككە – مەدىنىگە يولغا چىقتى، ھەج ئىبادىتىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، مىسىردا زىيارەتتە

بولدى ۋە قاھىرە شەھىرىدە ئىككى ئاي تۇرۇپ، شۇ زامانلاردىكى ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشتى. ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا، «ئەللىۋا» مەجمۇئەسىنىڭ ساھىبى ۋە مۇدىرى مۇستافا كامىل، مەدرەسە تەھزىرىيەنىڭ مۇدىرى سەييىد مۇھەممەد ئەپەندى قاتارلىقلار بىلەن خەلقنى ئويغىتىش، مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقا مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي سۆھبەتلەشتى. داموللامنىڭ ناتىقلىقى ۋە ئىپسىل پەزىلىتى ئۇلارنى قايىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، داموللام ئىستانبۇل، قازان، ئۇفا، بۇخارا، تاشكەنت، ئالمۇتا، غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. داموللام بۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئىسلام دۇنياسىنى ئويغىتىش ۋە مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرى بولغان جامالىددىن ئافغانىي، مۇھەممەد رەشىد رىزا، مۇھەممەد ئابدۇھ، تۈرك قەۋملىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ، «يېڭىچە مائارىپ»نى ئوتتۇرىغا چىقارغان تاتار ئالىمى ئىسمائىل غاسپىرالىي قاتارلىق كىشىلەردىن تەسىرات ئالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ قەشقەرگە قايتىشتىن بۇرۇن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ جايدىكى ئۇستازلىرى ۋە كاتتا ئۆلىمالاردىن «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈردۇر» دېگەن پەتىۋانى ئېلىپ كەلدى.


داموللام دىيارىمىزدا ئەسىرلەرنى ئەرەبچە ۋە پارسچە يېزىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان كونا ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەسەرلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ تارقىتىشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭىچە مەدرىسەلەرنى ئېچىپ، مەدرىسەلەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە ئۇيغۇر تىلى، ماتېماتىكا، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلىكلەرنى كىرگۈزدى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاممىباب ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىقىپ، مەدرىسەلەردە ئوقۇتتى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقاتتى. داموللامنىڭ «زۆرۈر ئەقىدىلەر» ناملىق رىسالىسى ئىنتايىن ئىخچام، مەزمۇنلۇق، يادلاش قولاي، ئوقۇغان - ئوقۇمىغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر پايدىلىنالايدىغان سوئال - جاۋابلىق ئەسەر بولۇپ، بىر مۇسۇلمانغا يېتەرلىكتۇر. «قىرائەت ئىلمى» ناملىق ئەسەر ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تۇنجى ئەسەر بولغانلىقتىن، نامى «تجويد تركي» دەپ ئاتالغان. «ئىسلام ئىبادەتلىرى» ناملىق ئەسىرى ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك ۋە ئىخچام ھالدا سوئال - جاۋابلىق بايان قىلغان ئەسەر بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلمانغا زۆرۈردۇر.

يېڭىچە مائارىپقا قارشى چىققان قارا قورساقلارغا داموللام ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نۇتۇقلىرى بىلەن كەسكىن جاۋاب بېرەتتى. بىر كۈنى قەشقەرنىڭ كاتتا بايلىرىدىن ھەمراھباي بىر سورۇندا داموللامنىڭ مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى نۇتۇقىدىن كېيىن: «بىزنىڭ قەشقەرنىڭ ‹سانىي بۇخارا› دەپ نامى بار، ئۇنىڭ مەكتەپ - مەدرىسەلىرىدىن مەرىپەت نۇرلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قەۋەتلەشنىڭ


نېمە ھاجىتى؟ ‹ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ› دېگەندەك، بۇ قىلغانلىرى تېتىقسىزلىق بولۇپ قالارمىكىن!» دەپ داموللامغا ئاسترىتتىن تەھدىت سالغاندا، داموللام ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي تىلدا جاۋاب بېرىپ: «مەسىلىنى ئاقىلانە چۈشىنىش كېرەك. قىسقىسى 15 يىل، ئۇزۇنى 20 يىل مەدرىسىدە ئوقۇغان بىر تالىپنى شۇ تاپتا تۇرۇپ بىر پارچە سالام خەت يازالايدۇ ياكى دۇكانىدا ھېسابات دەپتىرى تۇتالايدۇ، دېيىش قىيىن بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق قاتمال ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىپ، قابىل كاتىپلارنى، ئۇستا بوغالتىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش يۇرتىمىزنىڭ ئارزۇسى، شۇنىڭدەك سىلىنىڭمۇ ئېھتىياجلىرى. شۇنداق قىلساق، بۇنىڭ نېمە زىيىنى بار؟» دېگەن.

## ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرى

1. «زۆرۈر ئەقىدىلەر» (عقائد ضروري).
2. «قىرائەت ئىلمى» (تجويد تركي).
3. «ئىسلام ئىبادەتلىرى» (عبادات اسلامية).
4. «مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس» (علم الصرف والنحو).
5. «ئەدەبىيات ئاچقۇچى» (مفتاح الأدب).
6. «سەبىيلەرگە تەلىم» (تعليم الصبيان).
7. «ياش - ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت» (نصائح للأطفال).
8. «ھېساب ئىلمى» (علم الحساب).
9. «مۇتالىئە ھىدايەت» (مطالعة هداية).
10. «ئىمان جەۋھەرلىرى» (جواهير الإيقان).
11. «ئاممىغا نەسىھەت» (نصيحة عامة).




دامولللامنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپ - مەدرىسەلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان. دامولللامنىڭ «ئەدەبىيات ئاچقۇچى» ناملىق ئەسىرى بۇخارا مەدرىسىسىدە تالىپلىق چېغىدا يېزىلغان قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا بۇخارا مەدرىسەلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان. ئۆز ۋاقتىدا دامولللامنىڭ «جواهير الإيقان» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغان ئۆلىمالار «بۇنى چوقۇم شام ياكى مىسىرنىڭ ئالىي بىلىمگاھلىرىدا ئوقۇغان بىر




ئالىم يازغان بولۇشى كېرەك» دەپ پەرەز قىلىشقانىكەن.

داموللام قازاندا نەشر قىلىنغان «شۇرا»، «ۋاقىت» ۋە «تەرجىمان» قاتارلىق گېزىت – ژۇرناللارنى مۇتالىئە قىلىپ تۇراتتى ۋە مۇھىم ماقالىلەرنى چىقىرىپ تۇراتتى. «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 - يىللىق 23 - سانىدا داموللامنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى نەشر قىلىنغاندا، شۇرا ئىدارىسىدىكىلەر داموللامنىڭ مول بىلىمگە قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەنىكەن.

## داموللامغا سوزۇلغان قارا قوللار

ئەپسۇسكى، ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنىڭ ۋە ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، داموللامنىڭمۇ دۈشمەنلىرى بولغان بولۇپ، بىرى ئۆز قېنىدىن، ئۆز مىللىتىدىن بولغان ھەسەتخور، نادان، قالاق ۋە جاھىل دۈشمەنلەر بولسا، يەنە بىرى مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت ئەشەددىي دۈشمەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، داموللام باشلىغان بۇ يارقىن مەرىپەتچىلىك ئۇزۇن تەرەققىياتىدا تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي چەكلىمىلەر ۋە توسقۇنلۇقلارغا كۆپ ئۇچرىدى.

توسقۇنلۇق ئالدى بىلەن مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتتىن كەلگەن بولۇپ، مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جاھالەت - نادانلىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىپ دۇنياغا كۆز ئېچىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايتتى. شۇڭا، مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەت داموللام باشلىغان يېڭىچە مائارىپقا چىش – تىرنىقى بىلەن قارشى تۇردى. بۇنى ئاز دېگەندەك، قەشقەردىكى شىۋېت كونسۇلخانىسىدىكىلەرمۇ داموللامغا قارشى ئىدى. يېڭىچە مائارىپ تازا گۈللىنىۋاتقان بىر پەيتتە شۇ چاغدىكى قېرى مۇستەملىكىچى زالىم ياڭ زېڭشىن بىر تۇتاش بۇيرۇق چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى يېڭىچە مەكتەپلەرنى تاقىۋەتتى.

ئىككىنچى توسقۇنلۇق دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان ھەسەتخور، خۇراپاتچى، بىدئەتچى جانباقارلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار يېڭىچە مائارىپقا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ھەتتا خەلقنى بۇ يېڭىچە مائارىپتىن ئۇزاقلاشتۇرۇش

ئۈچۈن، «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇتۇش دەھرىيلىكتۇر» دەيدىغان سەپسەتىلەرنى پەتىۋا سۈپىتىدە تارقىتىپ يۈرۈش ئارقىلىق، مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتكە قولچوماق بولدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى، بەلكى ئىچكى- تاشقى دۈشمەنلەر، ھەتتا قەشقەردىكى ئەجنەبىي كۈچلەر بىرلىشىپ، بۇ مەرىپەت يۇلتۇزىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. 1924 - يىلى 14 - ئاۋغۇست مەلۇم بىر خائىن قول ئابدۇقادىر داموللامغا ئوق ئۈزدى، شۇنىڭ بىلەن داموللام ئارمان بىلەن شېھىت بولدى.

### ئالىم ئۆلدى، ئالەم ئۆلدى

بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتۈشى مەرھۇمنىڭ قولىدا ئېچىلغان مەرىپەت غۇنچىلىرىنى يالغۇزلۇقتا تەرك ئەتكەنىدى. ئۇلار تېخى غۇنچە ئىدى، ئۇلارنىڭ داموللامغا زور ئېھتىياجى بار ئىدى، ئۇلار تېخى داموللامدەك مەرىپەت بۇلىقىدىن ئىچىپ قانمىغانىدى، داموللامدىن ئايرىلىپ قالارمىز دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. «شۇم خەۋەر تېز يېيىلىدۇ» دېگەندەك، داموللامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىر پەستىلا شەھەر - يېزىلارغا پۇر كەتتى. قەشقەردىكى مۇدەررىس - ئالىملار، ياش تالىپلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىن كىرگەن دېھقانلار ۋە يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھەممىسى چەكسىز قايغۇ - ھەسرەتكە چۆكتى، خەلقنىڭ يىغا - زارى ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈلدى، ھېيتگاھ مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، پۈتۈن ئەل - يۇرت مەرىپەت ئاسمىنىدىن ۋاقىتسىز ئېقىپ كەتكەن بۇ قۇتۇپ يۇلتۇزىغا تەزىيە بىلدۈردى.

خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇ دانىشمەن ئالىمىنى يادلاپ، ئۇنىڭ شەنىگە مۇنداق قوشاقلارنى توقۇپ چىقتى

تاغۇ - تاشلار تەۋرىنىپ،
قاتتىق چاقماق چاقتىمۇ؟
تۈمەن دەريا سۇلىرى،
بۈگۈن تەتۈر ئاقتىمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز .
داموللامغا دەيۈزلەر،
قەست قىلالماس دەپتىمىز .

داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى .
داموللامغا قەشقەرلىك،
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

بۇ قوشاقلار توقۇلۇپ ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇشتەك قانات چىقىرىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقىلىپ كەتتى .

### خاتىمە

ھەممە ئادەم چوقۇم ئۆلىدۇ، ئەمما بەزى ئەزىمەتلەر ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئۆمرىنى يارىتىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقىنىڭ قەلبىدە قەتئىي ئۆلمەيدۇ ۋە مەڭگۈگە ھايات قالىدۇ. ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئەنە شۇنداق ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، داموللام خەلقىنى جاھالەت، ئاسارەت ۋە خارلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىدا بارلىقىنى ئاتىغان ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئەزىمەتتۇر. داموللامنىڭ خەلقنى ئويغىتىش



ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى دىيارىمىزدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولسا، مەرھۇمدىن ئايرىلىش ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان چوڭ بىر بوشلۇقنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ۋە خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن خارلىقلار بىزگە ئۆز يولباشچىلىرىنى قوغدىيالمىغان مىللەتنىڭ يېتەكچىسىز قالىدىغانلىقىنى ۋە خارلىقتا مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئاچچىق ھەقىقەتتىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىمىغانلار ئۈچۈن تارىخنىڭ قايتىلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر.

داموللامنىڭ ھەقىقەتنى جاكارلاشتىكى ئوت يۈرەكلىكى، ئۆز ئىرادىسىدىن يانماسلىقتىكى قەتئىيلىكى ۋە ھەق يولدا خېيىم - خەتەردىن قورقمايدىغان خىسلىتى بىزگە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ.

ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھ يولىدا ئۆلۈش ئۆلىمالىرىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ھەربىر مۆئمىنىنىڭ تىلىكىدۇر. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھايات مۇساپىسى ھەربىر مۆئمىن ۋە ھەربىر ۋەتەنداش ئۈچۈن ئۆچمەس ئۆلگە بولۇپ، بىزگە ھەقىقىي دىندارلىق، ۋەتەن سۆيگۈسى، خەلقپەرۋەرلىك، پىداكارلىق قاتارلىق ئالىيجاناب خىسلەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوبرازىغا ھەممىدىن بەك موھتاج بولۇۋاتقان مۇشۇ زاماندا مەرھۇمنى چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھەسرەت بىلەن ئەسلەيمىز.



# ئاقسۇ رەستە جامەسى

ئاقسۇ شەھىرىدىكى رەستە جامەسى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋى، كۆركەملىكى ۋە پۇختىلىقى بىلەن شەھەر ۋە باشقا جايلاردىكى كەڭ جامائەتچىلىكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان مۇھىم مەسجىدلەرنىڭ بىرى. ئاقسۇ رەستە جامەسىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى هازىرقى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بۇ جامەنىڭ قۇرۇلۇش مەنبەسى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەرپا بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئاقسۇ شەھەر تەزكىرىسى ۋە بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق، پېشقەدەم زاتلارنىڭ قەيت قىلىشىچە، ھىجرىيە 1140-يىللىرى (مىلادىيە 1720-يىللىرى) ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمەت، رەئىيەت ۋە مەھكىمە شەرئى ئورگانلىرى هازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئونسۇ ناھىيەسىدە بولۇپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ هازىرقى ئورنى قەشقەر، خوتەن ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن تىجارەتچى، يولۇچىلار ئۈچۈن چۈشۈپ ئۆتىدىغان هاۋاسى ساپ، سۇلىرى مول، يايلاق ۋە ئوت-چۆپلىرى مول بىر لەڭگەر ئىكەن.

ھىجرىيە 1160-يىللىرى (مىلادىيە 1740-يىللىرى) غا كەلگەندە ئاقسۇغا ھەر قايسى تەرەپلەردىن دېھقان، چارۋىچىلار كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، خېلى ئاۋات بولغان بىر مەھەللە بەرپا بولغان. مۇشۇ جەرياندا شۇ مەھەللىدە تۇرۇشلۇق زاكىراخۇننىڭ تەكلىپ ۋە تەشەببۇسى بىلەن ئاددىيغىنا بىر مەھەللە مەسجىدى بەرپا قىلىنغان. ھىجرىيە 1195-يىلى (مىلادىيە 1781-يىلى) غا كەلگەندە مەھەللە ئاۋاتلىشىپ، مۇنتىزىم تۇس ئالغان بىر بازار شەكىللىنىپ، مەسجىد شۇ يەردىكى ئائىلىلەرگە تار كېلىپ قېلىپ، مەسجىدنى چوڭايتىش

ئېھتىياجى تۇغۇلغان. شۇنىڭ بىلەن مەھەللە چوڭلىرىدىن مۇھەممەد سابىت ھاجىم بىلەن ئۇبەيدۇللاھ قارىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھويلا ئارامىلىرى كەڭرى، ئەتراپى باغ بىلەن ئورالغان مۆكەممەل بىر مەسجىد بىنا قىلىنغان. ھىجرىيە 1245-يىلى (مىلادىيە 1830 - يىلى)غا كەلگەندە مەسجىدنىڭ تاملىرى كونىراپ، ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. يۇرت چوڭلىرىدىن ھەمدۇللاھ ئەلەماخۇنۇم، قاسىم بەگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن مەسجىد قايتىدىن چوڭايتىپ سېلىنغان. بۇ ۋاقىتتا مەسجىدنىڭ ئەتراپىدىكى رايون تاشقىرىقى بازار كۆۋرۈك مەھەللىسى دەپ ئاتالغان.

ھىجرىيە 1300-يىلى (مىلادىيە 1883-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاشقىرىقى بازارنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىدە كۆلىمى چوڭ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگان تۇرىدىغان بىر ئىگىز سېپىل سوقتۇرغان. مۇشۇ جەرياندا بازار ئەتراپىغا تەرەپ-تەرەپتىن ھەرخىل كاسىپ، ھۈنەرۋەن، تىجارەتچىلەر كۆچۈپ كېلىپ مۇنتىزىم شەھەر ئاھالىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ھىجرىيە 1305-يىلى (مىلادىيە 1888-يىلى) موللا ناسىر داموللام كونا شەھەردە مەدرىسە ئېچىپ، يارامىلىق ۋە ئىقتىدارلىق ئەھلى-ئىلىملەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، مۇشۇ تەۋەلىكتىكى مەسجىد، مەدرىسەلەرگە ئەۋەتكەن، جۈملىدىن ئاقسۇنىڭ تاشقىرىقى بازار رەستە كوچىسىدىكى مۇشۇ مەسجىدكىمۇ ئاشۇ يارامىلىق، ئىقتىدارلىق ئەھلى-ئىلىملەر تەيىنلەنگەن.

ھىجرىيە 1312-يىلى (مىلادىيە 1895-يىلى) موللا ناسىر داموللامنىڭ تەشەببۇسى، تالىپلىرى مۇھەممەد ئىمىن قازى ھاجىم، باسىت قازى كالان قاتارلىق ئەھلى-ئىلىملەرنىڭ قوللىشى ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە جامائەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى ياردەملىرى ئاستىدا كۆلىمى 1300 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ھۇجرا (ياتاق)، دەرسخانىلىرى ۋە تاھارەت ئېلىش ئەسلىھەلىرى مۆكەممەل مەدرىسە تۈسىنى ئالغان كۆركەم بىر مەسجىد-مەدرىسە بىنا قىلىنغان. ھىجرىيە 1364 - يىلى (مىلادىيە 1945-يىلى) مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرى ئاقسۇ شەھىرىدىكى گومىنداڭچىلارنى قورشىۋالغاندا، گومىنداڭچىلار سېپىل ئەتراپىدىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ خانىۋەيران قىلىۋەتكەن، شۇ قاتاردا بۇ مەسجىدمۇ پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن.

1947-يىلى يۇرت مۆتىۋەرى داۋۇت قۇزات ھاجىمنىڭ ۋە باشقا يۇرت كاتتىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ مەسجىد ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا سەل كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغان.

1964–يىلى بۇ جامەنىڭ ئورنىنى ئاقسۇ قۇمتام دېھقانچىلىق مەيدانى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا ئۆزگەرتىۋالغان. 1978-يىلىغا كەلگەندە شۇ جامەنىڭ ئورنىغا رەستە مەھەللىسىدە (توگمەن بېشى يولى ئۈستىدە) كۆلىمى 340 كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا يەر كۆرسىتىپ

بېرىلگەن. شۇ مەھەللىدىكى ساۋۇتاخۇنكام، قاسىماخۇنكام قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن جامائەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاددىيغىنا بىر مەسجىد بەرپا قىلىنغان. كېيىن جامائەت كۆپىيىپ، مەسجىد ئورنى تارلىق قىلغاچقا، مەسجىد ئەتراپىدىكى بەش ئائىلىنىڭ يەر–زېمىنى سېتىۋېلىنىپ، مەسجىد كېڭەيتىلىپ، مېھمانخانا، مۇنچا ۋە باشقا ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان، 1010 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر مەسجىد ۋە مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا كۆركەم بولغان بەش قەۋەتلىك بىر پەشتاق ياسالغان.

2002-يىلى مەسجىد شەھەر قۇرۇلۇشىغا توغرا كېلىپ، خەلق يولىنىڭ غەربى پاشالىق مەھەللىسى ئورنىغا يۆتكەلگەن. جامەنىڭ ئىمام - خاتىپى روشەن قارى ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا كۆلىمى 3000 كىۋادرات مېتىر، ناماز ئوقۇش ئورنىلا 1200 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ئەسلىھەلىرى زامانىۋى بولغان كۆركەم ئىككى قەۋەتلىك جامە 2003 - يىلى 11-ئاينىڭ 24-كۈنى تولۇق پۈتۈپ، جامائەتكە ئېچىۋېتىلگەن.

جامەنىڭ ھازىرقى ئىچكى ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشى ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، مەسجىدنىڭ ئاستى 1-قەۋىتىدە بېتون بىلەن پۇختا قۇيۇلغان 10 تۈۋرۈك، ئىككى يېنىدا پەلەمپەي ئارقىلىق چۈشىدىغان ئىككى ئىشىك، قىبلە تېمىدا مېھراب، مېھرابنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى بىخەتەرلىك ئىشىكى بار. 2 - قەۋىتى ئالتە بۇرجەكلىك بولۇپ، بېتون بىلەن قويۇرۇلغان ئالتە دانە تۈۋرۈك بار. ئوتتۇرىسى يايما شەكىلدە بولۇپ، 1-قەۋەتتىكى ئىمام ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگىلى بولىدىغان ئوچۇقچىلىق بار. مەسجىد ئۈستىدە ئالتە ئېگىز مۇنار، مۇنار ئوتتۇرىسىدا چوڭ گۈمبەز، گۈمبەز ئەتراپىدا ئۈنى ئىھاتە قىلىپ تۇرىدىغان ئۇششاق ئالتە گۈمبەز بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەر مەسجىدكە ئالاھىدە كۆركەملىك ئاتا قىلغان.

بۇ كۆركەم مەسجىد 2016-يىلى 16-ئاپرېل بىلەن 2017-يىلى 14-ئاۋغۇست ئارىلىقىدا خىتاي تەرىپىدىن چېقىۋېتىلگەن.

(ئالاقىدار مەلۇماتلار ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 3-سانىدىن ئېلىندى)



# شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى بىر قىسىم پائالىيەتلىرى

1. 2024 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە قاتار پايتەختى دوھادا ئېچىلغان، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت رەسمىي تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.



دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ئەللىرىدە ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە داڭلىق ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە بىرلىك ئەزالىرى بولۇپ، جەمئىي مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشقان بۇ يىغىنغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىدىنمۇ بىر ھەيئەت ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بەش كۈن داۋاملاشقان يىغىندا مۇسۇلمان دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار، پەلەستىندە ئىسرائىلىيەنىڭ ئىشلەۋاتقان جىنايەتلىرى، ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيەسى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى، مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ مۇسۇلمان جەمئىيىتىدىكى ئۆلىمالىق ئوبرازى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا بىرلىكنىڭ نىزامنامىسىگە بەزى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئارقىدىن بىرلىكنىڭ رەئىسى، ئالتە كىشىلىك مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە 40 كىشىلىك ئىجرائىيە مەسئۇللىرى سايلاپ چىقىلدى. بىرلىكنىڭ رەئىسلىكىگە دوكتور ئەلى مۇھىددىن قاراداغى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تۈركىيە دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ سابىق رەئىسى دوكتور مەھمەت گۆرمەز سايلاندى. ئىجرائىيە ئەزالىقىغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى سابىق رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيارمۇ تاللاندى.



خىتاي بۇ قېتىملىق يىغىنغا بەزى تۇڭگانلارنىڭ قاتنىششىغا رۇخسەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خوڭكوڭدىكى بەزى شەخسلەرنى مەخسۇس بۇ يىغىنغا ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتايىنى ئاقلاپ، ئۇيغۇرلارنى قارىلاشقا ئۇرۇندى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ھەيئىتى يىغىن جەريانىدا ھەر قايسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان ئۆلىمالار بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ۋە بۇ جىنايەتنى يۆگەشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىكى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.



2. 2024 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھىندونېزىيەدىكى ھىدايەتۇللاھ جامائىتى ۋە ساھابەتۇلئەقسا تەشكىلاتىدىن بىر ھەيئەت شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنى زىيارەت قىلدى. ھەيئەتنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا ۋە باش كاتىپ ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئۇجاتلى قاتارلىقلار كۈتۈۋالدى.




3. 2024 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تۈركىيەدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە يۇرت چوڭلىرىغا ئىپتار بەردى.





4. 2024 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن تۈركىيەدىكى بىر بۆلۈك ئۆلىمالارغا ئىپتار بېرىلدى.
ئىپتار يىغىلىشىغا ئىستانبۇل كۈچۈكچەكمەجە مۇپتىسى ھەسەن ھۈسەين پالابالىق، ئىسمائىل ئاغا جامەسى ئىمامى سالىھ توپچۇ، تۈركىيە ئۆلىمالار بىرلىكى ئىدارە ھەيئەت ئەزاسى ئۆمەر فارۇق قورقماز، سۇرىيە ئۆلىمالار بىرلىكى ۋە يەمەن ئۆلىمالار بىرلىكىدىن ۋەكىللەر قاتناشتى.




5. ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى بۇ يىل رامىزاننىڭ 7 - كۈنى ئىپتارلىق پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، پائالىيەتكە گوللاندىيە دىيانەت ۋەقفى، ياۋروپا مىللىي گۆرۈش ھەرىكىتى مەسئۇللىرى ۋە گوللاندىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىق ۋەكىلىنى ئاساس قىلىپ، گوللاندىيەدىكى باشقا نۇرغۇنلىغان تەشكىلات مەسئۇللىرى، مەسچىت ئىماملىرى ۋە گوللاندىيەدىكى بىر قىسىم سىياسىي پارتىيە ۋەكىللىرى قاتناشتى. ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي تەكلىپىگە بىنائەن گوللاندىيەدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا ئىپتار پائالىيىتىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە سۆز قىلدى.





# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە:

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 9-سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ-ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە، ئېقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئىلمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن، تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.